چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# ئىككى شەھەر ھېكايىسى

چارلىز دىككېنس [ئەنگلىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: مۇبارەك غاپپار

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 7-80658-903-1

9 787806 589038 >

ISBN 7 - 80658 - 903 - 1

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر

چارلىز دىككېنس [ ئەنگلىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر راخمان



本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

**责任编辑**: 茹鲜古丽·吐尔逊

**美术编辑**: 阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

**责任校对**: 艾比布拉·艾力
海来提·阿比提

**审　　订**: 亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**双城记**(维文)

卡德尔·热合曼　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本: 787×970 毫米　1/32　印张: 7
ISBN 7-80658-903-1

定价: 7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm 1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 7

ISBN 7 - 80658 - 903 - 1

---

باھاسى: 7. 50 يۈەن

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

چارلىز دىككېنس (1812 — 1870) ئەنگلىيىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن پرو- زىچىسى، ئەنگلىيە تەنقىدىي رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادچىسى ۋە بۈيۈك ۋەكىلى. ئۇ ئەنگلىيە كاپىتالىزمى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان، ئىشچىلار بىلەن كاپىتا- لىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن، «ئا- ساسىي نىزامچىلار» ھەرىكىتى پارتلىغان تارىخىي دەۋردە ياشىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىلىرى تەسۋىرلەنگەن، نۇرغۇن نامراتلار، ئىشچىلار، يېتىم بالىلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدا تارتقان زۇلۇمى ۋە بەختسىزلىكلىرى، ئۇلارنىڭ پاك قەلبى، قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى ۋە تەلەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەمۇرىي ئاپپاراتلار ، تۈرمە، مەكتەپ ھەمدە نامراتلارنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىش ئورنىدىكى قاراڭغۇلۇقلار ئىپادىلەنگەن، بۇرژۇئازلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، ساختىلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى ئېچىپ تاشلانغان.

دىككېنس 1812 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پورتس- مۇت شەھرىنىڭ رتسېئا رايونىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە

دۇنياغا كەلگەن، دادىسى دېڭىز ئارمىيىسى ئورگىنىدىكى بىر ئاددىي خىزمەتچى ئىدى. 1821 ـ يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر لوندونغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغان، نەتىجىدە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرمۇ دادىسى بىلەن بىللە تۈرمىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن 12 ياشلىق دىككېنس ئۆزىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇشىنى باشلىغان، ئۇ بىر ئاياغ مېيى دۇكىنىغا كىرىپ ئىشلەپ، يەتكۈچە دەرد تارتقان. كېيىن دادىسى ئازراق مىراسقا ئېرىشىپ، قەرزىنى ئۈزۈپ تۈرمىدىن چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، دىككېنس ئاياغ مېيى دۇكىنىدىن ئايرىلىپ، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 15 ياشقا كىرگەندە مەكتەپتىن چىقىپ، بىر ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىغا كىرىپ پۈتۈكچى بولغان. خىزمەتتىن سىرت ۋاقىتلاردا، لوندون بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ كىتاب كۆرۈپ، بىلىمىنى تولۇقلىغان، شۇنداقلا تېز خاتىرىلەشنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە ئۇ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ، گېزىتخانىدا مۇخبىرلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش دىككېنسنى ئەنگلىيىنىڭ سىياسىيسىغا دائىر بىلىملەرنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مول ماتېرىياللار بولۇپ قالغان. 1833 ـ يىلىدىن

باشلاپ، ئۇ ئوچېرك ۋە ھېكايە، رومان يېزىشقا باشلاپ، 1870 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ۋاپات بولغانغا قەدەر، 14 رومان يازغاندىن باشقا يەنە ئوچېركلار توپلىمى، ھېكايىلەر توپلىمى ۋە بەزى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان 1861 — 1870 ـ يىللار دىككېنس ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىر-قى مەزگىللىرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە خوتۇنى بىلەن بولغان ئىناقسىزلىق ۋە سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن بىئاراملىق، قاي-غۇ ئىچىدە ئۆتكەن. كاپىتالىزم كرىزىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئۇ تېخىمۇ قايغۇ ـ ئەلەم، دەرد ـ ھەسرەتكە پېتىپ قالغان. 1870 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ قىلىپ، ئەتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇندەرىجە

پارىژغا بارىدىغان يولدا ........................ 1
پارىژدىكى بىر مەيخانىدا ........................ 6
لوندوندىكى سوراق ........................ 12
ماركىز ئېفرىموند ........................ 22
ئىككى ئەرنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى ........ 55
فرانسىيىدىكى بوران – چاپقۇنلۇق يىللار ............... 93
قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش ........................ 125
پۇقرالارنىڭ قولىدا ........................ 137
جاسۇس ........................ 149
مەخپىي باغاقچە ........................ 155
دېفارج خانىمنىڭ قىساس ئېلىشى ........................ 167
ئۆزئارا كىيىم ئالماشتۇرۇش ........................ 175
ۋىدالىشىش ........................ 181
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ........................ 189

## پارىژغا بارىدىغان يولدا

ئۇ ئاجايىپ ياخشى يىللار ئىدى، شۇنداقلا ئەڭ پالاكەت باسقان يىللار ئىدى؛ ئۇ قۇياش پارلاپ تۇرغان يارقىن كۈنلەر ئىدى ھەم قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كۈنلەر ئىدى؛ ئۇ ئۈمىدكە تولغان باھار ھەم قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان زىمىستان قىش ئىدى. مىلادىيە 1775 ـ يىلى ئىدى.

ئۇ چاغدا فرانسىيىدە پادىشاھ ۋە خانىش بار ئىدى، ئەنگلىيىدىمۇ پادىشاھ ۋە خانىش بار ئىدى، ئۇلار ھېچقانداق بىرەر ئىشتا ئۆزگىرىش بولمايدۇ دەپ ئىشىنەتتى. ئەمما، فرانسىيىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خەلقلەر نامراتچىلىق، ئاچارچىلىق ۋە بەختسىزلىكلەر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. پادىشاھ قەغەز پۇل تارقىتىپ، ھە دەپ بەتخەجلىك قىلىۋاتاتتى، پۇقرالار بولسا ئاچارچىلىق دەردىنى تارتىۋاتاتتى. ئىشىكلىرى چىڭ تاقالغان ئۆيلەردە كىشىلەر پادىشاھ ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈستىدە پەس ئاۋازدا مەخپىي سۆزلىشەتتى، ئەمما، بۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى غەزەپلىك سادا ئىدى، خالاس.

1775 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى بىر تۈن كېچىدە، لوندوندىن

دوۋېرغا ماڭغان بىر پەيتۇن ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ يو-لىنىڭ ئەڭ ئېگىز بىر يېرىدە توختىدى. ئاتلار بەك ھېرىپ كەتكەن بولغاچقا، دەم ئالدۇرۇشقا توغرا كەلگە-نىدى، دەل شۇ چاغدا پەيتۇنكەش يەنە بىر ئاتنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزلىرىگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئاتلىق ئادەم ئېتىنى پەيتۇن يېنىدا توختى-تىپ:

— مەن لوندون تېلسىن بانكىسىدىن كەلگەن جار-ۋىس لائورىي ئەپەندىنى ئىزدەپ كەلدىم! — دەپ ۋارقىرى-دى.

— مەن جارۋىس لائورىي ئەپەندى بولىمەن! — دېدى بىر كىشى پەيتۇننىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— مەن جېررى، جېررى كرانچېر بولىمەن، تېل-سىن بانكىسىدىن كەلدىم ئەپەندىم! — دەپ ۋارقىرىدى ئاتلىق ئادەم.

— نېمە ئىش ئىدى، جېررى؟ — دەپ سورىدى لا-ئورىي ئەپەندى.

— سىزگە خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدىم. لائورىي ئە-پەندىم، بىر ياش خانىم سىزنى دوۋېردا ساقلاپ تۇرسۇن، دېگەنىدى.

— بولىدۇ، جېررى، — دېدى لائورىي ئەپەندى، —

ئۇلارغا «ئۇ تىرىك قايتىپ كېلىمەن» دېدى دەپ قويۇ!

ئاغزاكى خەۋەر ئاجايىپ ئىدى، بىرىلگەن جاۋاب تې-خىمۇ ئاجايىپ ئىدى. پەيتۇندىكىلەر ئۇلارنىڭ نېمە دې-يىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى.

ئىككىنچى كۈنى، لائورىي ئەپەندى دوۋېردىكى مېھ-مانخانىدا دەم ئېلىۋاتقاندا بىر ياش خانىم كىرىپ كەل-دى. ئۇ چاچلىرى ئالتۇندەك ساپسېرىق، كۆزلىرى كۆپ-كۆك دېڭىزنى ئەسلىتىدىغان تولىمۇ گۈزەل خانىم ئە-دى. بۇ لائورىي ئەپەندىگە بىر بالىنى، توغرىسى بىر بوۋاقنى ئەسلەتتى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى فرانسىيىنىڭ كاللاي شەھىرىدىن ئەنگلىيىنىڭ دوۋېر شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، لائورىي ئەپەندى ئۇ قىزنى قۇ-چىقىدا تۇتۇپ ماڭغانىدى، ئۇ قىز دەل مامېنت ئىدى. لائورىي ئەپەندى بۇ ياش خانىمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— مامېنت خانقىز، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە ئاجايىپ بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، بۇ ھېكايە تېلسىن بانكىسىنىڭ بىر خېرىدارى ھەققىدىكى ھېكايە. تېلسىن بانكىسى مەن ئىشلەيدىغان بانكا.

— بولىدۇ، لائورىي ئەپەندى، ئەمما، مەن ئانچە چۈ-شىنەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ياش خانىم، — مەن تېلسىن بانكىسىدىن بۇ يەرگە كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈش

توغرىسىدا خەۋەر ئالدىم. مەن بىچارە دادامنىڭ ئامانەت پۇلى توغرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى بىلىمەن. ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا، يەنى مەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. سىز ماڭا قانداق ھېكايە ئېيتىپ بەرمەكچى؟

— بۇنىڭدىن تەخمىنەن 20 يىللار ئىلگىرى، مامېنت خانقىز، فرانسىيىلىك بىر دوختور ئەنگلىيىلىك بىر خانىمنى نىكاھىغا ئالغان. ئۇلارنىڭ بىر قىزى بولغان، ئەمما، بۇ قىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ دادىسى يوقاپ كەتكەن. ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ دوختۇرنىڭ كۆپ دەرد تارتقان ئايالىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ قىزى ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن.

— بۇ مېنىڭ دادامنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدىكەنغۇ، لائورىي ئەپەندىم، مېنى ئەنگلىيىگە سىز ئېلىپ كەلگەنغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، شۇنداق مامېنت خانقىز، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مەن سىزنى فرانسىيىدىن ئەنگلىيىگە ئېلىپ كەلگەن ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ تېلسىن بانكىسى سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشقا باشلىغان. كىشىلەر سىزگە دادىڭىزنى ئۆلۈپ كەتكەن، دېگەن. ئەمما، مامېنت خانقىز، شۇنى ئويلاپ بېقىڭكى، ئېھتىمال

دادىڭىز ئۆلۈپ كەتمىگەن، ئېھتىمال ئۇ شۇ چاغدا تۇر-مىدە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن-لىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىرەر كۈچلۈك دۈشمىنى تەرىپىدىن تۇرمىگە قامالغان، بۇ دۈشمەننىڭ ئۇنى تۇر-مىگە سولىتىۋېتىشكە كۈچ-قۇدرىتى يېتەتتى. شۇڭا، بۇ دۈشمەن ئۇنى تۇرمىگە 18 يىل سولاتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى!

— بۇ راستمۇ؟ مېنىڭ دادام بۇ دۇنيادا تېخى ھا-ياتمۇ؟ — لۇسې مامېنت لائورىي ئەپەندىگە تىكىلدى. مامېنت خانقىزنىڭ چىرايى تاتارغانىدى، قوللىرى تىت-رەيتتى: — ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، روھى بولۇ-شى مۇمكىن.

— ياق، مامېنت خانقىز، — دېدى لائورىي ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇ تېخى ھايات، ئەمما ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. ھازىر ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى سوراشقا زادى بولمايدۇ. زادىلا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىنسا، بەك خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ پارىژدىكى بۇرۇنقى خىزمەتكارىنىڭ ئۆيىگە ئې-لىپ بېرىلغان، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنى نورمال

تۇرمۇش مۇھىتىغا قايتۇرۇپ كېلىمىز.

## پارىژدىكى بىر مەيخانىدا

پارىژدىكى سان ئانتونى دېيىلىدىغان جايدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەك نامرات ئىدى. كوچىلار تار ھەم پاسكىنا، يېمەكلىك دۇكانلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قۇرۇق ئىدى. بالىلارنىڭ چىرايى ئاچارچىلىقتىن قېرىلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى. دېفارج ئەپەندىنىڭ مەيخانىسىدا ئانچە كۆپ خېرىدار يوق ئىدى. دېفارج ئەپەندى ئىشىك ئالدىدا كوچىدىكى بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئايالى دېفارج خانىم بولسا، مەيخانىدا پوپايكا توقۇغاچ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. دېفارج مەيخانىغا قايتىپ كىردى، ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى ئادەم — تەخمىنەن 60 ياشلاردىكى بىر ئەر ۋە بىر ياش خانىم بار ئىدى. دېفارج ئۇلارنى باشلاپ مەيخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇلار دېفارجقا ئەگىشىپ ئېگىز بىر پەلەمپەيدىن مېڭىپ، بىنانىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىگە چىقتى. دېفارج يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئالدى.

— ئىشىكنى نېمىشقا قۇلۇپلاپ قويدىڭىز؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى لائوري ئەپەندى، — ئۇ ھازىر ئەركىنلىككە چىققاندىغۇ؟!

— ئۇ قۇلۇپ سېلىنغان ئۆيدە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ

كەتكەن، — دېدى دېفارج، — ئەگەر ئىشىككە قۇلۇپ سې-
لىنمىسا، ئۇ قورقىدۇ. بۇ، ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان
يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ بىرى.

— مەنمۇ قورقۇۋاتىمەن! — دېدى مامېنت خانقىز
پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى ئېچىنىش ئىچىدە
لائورىي ئەپەندىگە تىكىلگەنىدى، — مەن ئۇنىڭدىن، دا-
دامدىن قورقۇۋاتىمەن.

دېفارج ئىشىكنى خېلىغىچە تاراقشىتىپ ئاندىن
قۇلۇپنى ئاچتى، لائورىي ئەپەندى ۋە لۇسي خانقىز ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ئۆيگە كىردى، ئورۇقلاپ كەتكەن، ئاپئاق
چاچلىق بىر كىشى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاياغ
تىكىۋاتاتتى.

— ياخشىمۇسىز، يەنىلا ئالدىراش ئىشلەۋېتىپ-
سىز - دە! — دېدى دېفارج.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ
غودۇڭشىپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىدى، — شۇنداق، يەنە
ئىشلەۋاتىمەن.

— قاراڭ، بىرسى سىزنى كۆرگىلى كەلدى، ئۇلارغا
ئىسمىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ!

— مېنىڭ ئىسمىممۇ؟ شىمالىي بىنا، 105 - نو-
مۇر، — دېدى ئۇ يەنە غودۇڭشىپ.

لائورىي ئەپەندى ئۇ بوۋايغا يېقىن كېلىپ:

— مامېنت ئەپەندى، مەن ئېسىڭىزدىمۇ؟ جارۋىس لائورىي ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى پەس ئاۋاز بىلەن.

بۇ قېرى مەھبۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ لائورىي ئەپەندىگە قارىدى، ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق بىر ھەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى، ھالسىرىغان چىرايىدا بىرەرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بىر ئىپادىمۇ بولمىدى، ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

لۇسي ئاستا بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋاي بىر-ئازدىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

— سىز كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

لۇسي قۇچىقىنى ئېچىپ بوۋاينى قۇچاقلىدى، ئۇ-نىڭ خۇشاللىق ۋە ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ياشلى-رى مەڭزىدىن تاراملاپ ئاقتى. بوۋاي بىر كىچىك خال-تىدىن بىرنەچچە تال سېرىق چاچنى ئالدى، ئۇ بىردەم بۇ چاچقا، بىردەم لۇسىنىڭ چېچىغا قارىدى:

— ئوخشاش ئىكەن، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بول-سۇن! — دېدى ئۇ لۇسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ، — ياق، ياق، سىز بەك ياش ئىكەنسىز، بەكلا ياش ئىكەنسىز!

لۇسي كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان ھالدا بار-لىق ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ زادىلا كۆرۈپ باقمىغان قىزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بوۋاي يەنىلا ھېچنېمىنى



چۈشەنمىدى، ئەمما ئۇ لۇسىنىڭ ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ يۇمىران، ئىللىق قولىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئاندىن لۇسى لائورىي ئەپەندىگە مۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، بىز دەرھال پارىژدىن كەتسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلەمسىز؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە ئورۇنلاشتۇرالايمەن! — دېدى لائورىي ئەپەندى، — ئەمما، سىزنىڭچە ئۇ يىراق سەپەرنىڭ ئازابىغا چىداشلىق بېرەلەرمۇ؟

— ئۇ ئۆزىنى ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلغان بۇ شەھەردىن يىراقراق كەتسە، بەلكىم ياخشىراق بولۇپ قالار! — دېدى لۇسى.

—توغرا دېدىڭىز، — دېدى دېفارج، — ئۇنىڭ ئۇستىگە مامېنت دوختۇرنى بۇ شەھەردىن دەرھال ئېلىپ كېتىشتە يەنە باشقا سەۋەبمۇ بار!

لائورىي ئەپەندى ۋە دېفارج ئۇلارنى پارىژدىن ئېلىپ كېتىدىغان پەيتۇن ئۇقۇشقىلى كەتكەندە، لۇسى دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا قالدى. بۇ ئۇچرىشىش بىلەن مامېنت دوختۇر بەك ھېرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ پولدا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى، لۇسى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

لائورىي ئەپەندى بىلەن دېفارج قايتىپ كەلگەندە،

مامېنت دوختۇرغا بىر ئاز يېمەكلىك ۋە كىيىم ئالغاچ كەلگەنىدى. دوختۇر پۇتۇنلەي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. بىنادىن چۇشۇۋاتقان چاغدا، لائورىي ئەپەندى مامېنتنىڭ قايتا ـ قايتا: «شىمالىي بىنا، 105 ـ نومۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

ئۇلار پەيتۇنغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، بىرلا ئادەم، يەنى دېفارج خانىم ئۇلارنى كۆردى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا پوپايكا توقۇغاچ، ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇراتتى. ئۇ يۈز بەرگەن ھەممە ئىشنى كۆردى... ئەمما ھېچقانداق بىرەر مەسىلىنى بايقىمىدى.

## لوندوندىكى سوراق

لوندون شەھىرىدىكى تېلسىن بانكىسى قەدىمىي، قاراڭغۇ ۋە بەك كونىراپ كەتكەن بىنا ئىدى. بۇ بىنا چاڭ ـ توزان ۋە كىرەكسىز قەغەز ھىدى بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھەتتا بۇ يەردە ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ كالىلىسىمۇ كونا ۋە گاراڭدەك ئىدى. بانكىدا خەت ـ چەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل جېررى كرانچېر بانكىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇراتتى.

1780 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى بىر ئەتىگەن، جېررى جىنايى ئىشلار سوتىغا بېرىپ لائورىي ئەپەندىمدىن مۇ-

ھەم بىر خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. جىنايى ئىشلار سوتىدىكى سوت ھەمىشە ئىنتايىن خەتەرلىك جىنايەتچىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سوت قىلىنىدىغان جىنايەتچى تەخمىنەن 25 ياشلار ئەتراپىدىكى رەتلىك كىيىنگەن، سالماق بىر يىگىت ئىدى.

—ئۇ نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىكەن؟—دەپ سورىدى جېررى پەس ئاۋاز بىلەن ئىشىكتىكى قاراۋۇلدىن.

— ئۇ جاسۇس ئىكەن! فرانسىيە جاسۇسى! — دېدى قاراۋۇل، — ئۇ ئەنگلىيىدىن فرانسىيىگە بېرىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى فرانسىيە پادىشاھىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ.

— ئەگەر ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ ھۆكۈم قىلىنسا، ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلەر؟ — دەپ سورىدى جېررى.

— ھە، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بۇ شەكسىز، — قاراۋۇل ھاياجانلانغان ھالدا جاۋاب بەردى، — ئۇ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— دانىي، چارلىز دانىي، ئۇ ئىنگلىزچە ئىسمى ئەمەسقۇ دەيمەن. جېررى كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە سوت ئىچىدىكى كىشىلەر تويىغا قارىدى. ئۇنىڭ دىققىتى 20

ياش ئەتراپىدىكى بىر ياش خانىم ۋە ئۇنىڭ دادىسى — ئاپئاق چاچلىق مۆتىۋەرگە چۈشتى. ياش خانىمنىڭ كۆزى جىنايەتچىگە چۈشكەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا ناھايىتى بەك قايغۇرغان ئالامەتلەر پەيدا بولدى ھەمدە دادىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

سوت باشلاندى بىرىنچى بولۇپ چارلىز دانىينىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان كىشى جون بارساد بولۇپ، ئۇ مەن بىر سەمىمىي ئادەممەن ھەمدە ئۆزۈمنىڭ ئەنگلىيىلىك ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىمەن، دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەتچىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى، جىنايەتچىنىڭ يانچۇقىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە دائىر مۇھىم پىلانلار ۋە جەدۋەللەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەدۋەللەرنى جىنايەتچىنىڭ يانغۇچقىغا سېلىپ قويغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلدى.

ئارقىدىن ھېلىقى ياش جېنىم سۆزلىدى. ئۇ ئۆزى ۋە دادىسىنىڭ فرانسىيىدىن ئەنگلىيىگە كېتىۋاتقان كېمىدە بۇ جىنايەتچىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ دادام بىلەن ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى، — دېدى ئۇ.

— ئۇ شۇ چاغدا ئۆزى يالغۇز كېمىگە چىققانمىكەن؟

— ياق، يېنىدا يەنە ئىككى فرانسۇز ھەمراھى بار ئىكەن.

— مامېنىت خانقىز، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرگە بىرەر ھۆججەت ياكى جەدۋەلدەك بىرەرنەرسىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، مەن مۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىدىم.

سوئاللار ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلۇپ، سوراق داۋاملىشىۋاتاتتى. ئاخىردا ئۆزى پاكار، قىزىل چاچلىق بىر ئەر سۆز قىلدى، ئۇ سوتچىغا ئۆزىنىڭ كىچىك بىر بازاردىكى مېھمانخانىدا دانىي ئەپەندىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋە كېمىلەر بارلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىن سىدنېي كاردىن ئىسىملىك بىر ئادۋوكات بىر قەغەزگە بىرنەچچە خەتنى يېزىپ، دانىي ئەپەندىنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى سترايۋېر ئەپەندىگە ئۇزاتتى.

— سىز بۇ جىنايەتچىنىڭ ھېلىقى سىز كۆرگەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆددە قىلالامسىز؟ — دەپ سورىدى سترايۋېر ئەپەندى ھېلىقى قىزىل چاچلىق ئەردىن.

— تولۇق ھۆددە قىلالايمەن! — دېدى ئۇ ئەر.

— سىز بۇ جىنايەتچىگە ئوخشايدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى سترايۋېر ئەپەندى.

— نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇ كىشىنى تو-نۇيالايمەن، — دېدى قىزىل چاچلىق ئەر ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن.

— ئەمىسە، سىز ئاۋۇ تەرەپتىكى ئەپەندىگە قاراپ

— دېدى ستىرايۋېر ئەپەندى سىدنىي كاردىن ئە-پەندىنى كۆرسىتىپ، — سىز ئۇنىڭ بۇ جىنايەتچىگە بەك ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— سوتتىكى ھەربىر ئادەم سىدنىي كاردىن بىلەن جىنايەتچىنىڭ چىرايىنىڭ بەك ئوخشىشىپ كېتىدى-غانلىقىنى كۆرۈشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ستىرايۋېر ئەپەندى، — جىنايەتچىگە ئوخشايدىغان ئادەمنى ئوڭايلا تاپقىلى بول-غان، ھەتتا مۇشۇ زالدىلا چىرايى جىنايەتچىگە ئىنتايىن ئوخشايدىغان ئادەمنى تاپقىلى بولغان ئىكەن، سىز مېھ-مانخانىدا كۆرگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ جىنايەتچى ئىكەن-لىكىگە قانداق ھۆددە قىلالايسىز؟

قىزىل چاچلىق ئادەم گەپ قىلالماي قالدى.

ئادۋوكاتلار مۇنازىرىلىشىپ، دېلونى مۇزاكىرە قى-لىشقا باشلىدى. سوت ئاخىرلاشقاندا، جېررى كرانچېر ئۇخلاپ قالغانىدى.

لائورىي ئەپەندى ئۇنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇستىگە «گۇناھسىز» دەپ خەت يېزىلغان بىر باغاقچىنى بەردى،

جىرىرى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ دەرھال بانكىغا قايتتى.

سېدنىي كاردىن ھېچكىم ۋە ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سترايۋېر ئەپەندىنىڭ يار-دەمچىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە خىزمەتلەرنى ئۇ ئىشلەيتتى. سترايۋېر ئەپەندى سوتتا پىكىر بايان قى-لىشقا، مۇنازىرىلىشىشكە ماھىر ئىدى، ئەمما، ئۇ مۇھىم پاكىتلار ۋە تەپسىلاتلارنى بايقاشقا، بولۇپمۇ بىر دۆۋە ھۆججەتلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تەپسىلاتلارنى باي-قاشقا ماھىر ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى كاردىن ئادۋوكاتلار كۆرۈپ چىقىشقا تېگىشلىك بولغان ھۆج-جەتلەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقاتتى، ئاندىن سترايۋېر ئىككىنچى كۈنى سوتتا سورايدىغان مەسىلىلەرنى يېزىپ چىقاتتى. ھەر كۈنى سترايۋېر بۇ سوئاللارنى سورىغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ سىرتىدا ھازىر ئەركىن ئادەم بولۇپ قالغان دانىي ئەپەندى ئۆزىنىڭ دوستلىرى مامېنت دوختور ۋە ئۇنىڭ قىزى لۇسي، جارۋىس لائو-رىي، سترايۋېر ئەپەندى ۋە كاردىن ئەپەندىلەر بىلەن بىللە تۇراتتى.

مامېنت دوختور ھازىر ئۇنىڭدىن بەش يىل ئىل-گىرى دېفارج مەيخانىسىنىڭ بالىخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاپئاق

بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. قەددى تىك بولۇپ، ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى. بەزىدە ئۇ باستىلىيە تۈرمىسىدىكى كۈنلەرنى ئېسىگە ئالغاندا، چىرايىدا خاپىلىق ۋە قايغۇ ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى. بۇنداق چاغدا پەقەت ئۇنىڭ ئامراق قىزى لۇسېلا ئۇنى خۇشال قىلالايتتى.

ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقاندا، دوختۇرنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر ئىپادە ئەكس ئەتتى. ئۇ چارلېز دانىيغا قارىمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىردەملىك بىزارلىق، ھەتتا ۋەھىمە ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى.

— دادا، — دېدى لۇسې مۇلايىملىق بىلەن قولىنى دادىسىنىڭ بىلىكىگە قويۇپ، — ئۆيگە كېتەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇلار تېزلا پەيتۇنغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن سترايۋېر ئەپەندى بىلەن لائوري ئەپەندىمۇ كەتتى، سىرۇندا پەقەت دانىي بىلەن كاردىن ئەپەندىلا قالدى.

— سىز بەلكىم ناھايىتى ھەيران بولۇۋاتقانسىز، — دېدى كاردىن، — سىز يەنە ئەركىنلىككە چىقتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئۆزىڭىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتىسىز. بىز

بىللە بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلى!

تاماقتىن كېيىن، كاردىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— قاراڭ، مامېنىت خانقىز بۈگۈن سىز ئۈچۈن شۇنچە قايغۇرۇپ، تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق قىز، سىزنىڭچە ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

دانىي كاردىننىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى، ئەمما ئۇنىڭ سوتتا ئۆزىگە قىلغان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتى.

— ماڭا سىزنىڭ رەھمىتىڭىزنىڭ لازىمى يوق، — دېدى كاردىن، — مەن سىزگە ھېچنېمە قىلىپ بەرمە-دىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ سىزنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن.

— بولىدۇ، ـ دېدى دانىي، — سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداق بولسىمۇ، تاماق پۇلىنى مېنىڭ تۆلىشىمگە رۇخسەت قىلىشىڭىزنى ئۈ-مىد قىلىمەن.

— بولىدۇ، سىز تاماق پۇلىنى تۆلىگەندىكىن، مەن بىر پوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى بۇيرۇتاي.

دانىي كەتكەندىن كېيىن، كاردىن يەنە بىرئاز ھاراق ئىچتى، ئاندىن ئەينەككە قارىدى. ئۇنى غەزەپلەندۈرگىنى دانىينىڭ چىرايىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە ئوخشايدىغانلىقى ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ يەنىلا پەرقى بار ئىدى. كاردىن بىر چېۋەر ئادۋوكات ھەم بىر سەمىمىي ئادەم بولسىمۇ،

ئەمما، ئەزەلدىن بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇ ھاراقكەش بولۇپ، تۇرمۇشى بەختسىز ئىدى، دوستىلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قانۇن جەھەتتىكى ئەقىل-پاراستى ۋە جاپالىق مېھنىتى پەقەت باشقىلارنىلا، مەسىلەن، ستىرايۋېر ئەپەندىنى نام ۋە مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى. لۇسىي مامېنتنىڭ سوتتا بىئارامىلىق ۋە تىت-تىتلىق بىلەن دانىيغا قارىغاندىكى ھالىتى تېخىچىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيۋاتاتتى.

— ئەگەر مەن دانىينىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ئۆز-ئۆزىگە، — مامېنت خانقىزنىڭ ئاشۇ كۆك كۆزلىرى ماڭا شۇنداق تىكىلەرمىدى؟ ياق، ياق، ھازىر بەكلا كېچىكتى.

ئۇ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

مامېنت دوختۇر ۋە لۇسىي تۇرۇۋاتقان ئۆي بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر خىلۋەت كوچىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ پلوس خانقىز ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. لۇسىينى كىچىكىدىن باشلاپ ئۇ بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. پلوس خانقىز قىزىل چاچلىق، تېز ھەم چۇگۇلداپ گەپ قىلىدىغان قىز ئىدى. تۇنجى قاراشتا، ئۇ كىشىنى شۈركەندۈرەتتى. ئەمما، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە قىزغىن ھەم شەخسىيەتسىز ئىكەنلىكىنى

بىلەتتى. ئۇ ھېچنېمىسىنى ئايىماي سۆيۈملۈك لۇسىنى، ئاۋارىچىلىك ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلاپ كېلىۋاتات-
تى.

ھازىر مامېنىت دوختورنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، دوختۇرلۇق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، لۇسي ۋە پلوس خان-
قىزلار تىنچ ۋە راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتات-
تى. لائورىي ئەپەندى بۇ ئائىلىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالغانىدى، دائىم بۇ يەرگە كېلىپ مېھمان بولۇپ تۇ-
راتتى. يەنە ھېلىقى سوتتىن بىرقانچە ئايلار كېيىن، دانىي ئەپەندى ۋە كاردىن ئەپەندىمۇ بۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالغانىدى، بۇ ئىش پلوس خانقىزنى خاپا قىلاتتى.

— ھېچكىم بىزنىڭ سۆيۈملۈك لۇسىيغا لايىق كەلمەيدۇ — دېدى پلوس خانقىز بىر كۈنى لائورىي ئە-
پەندىگە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مۇنچىۋالا كۆپ مېھ-
مانىنى ياخشى كۆرمەيمەن.

لائورىي ئەپەندى پلوس خانقىزنى بەك ئىززەتلەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى مېھمانىنىڭ كۆپ مېھمان ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈستىدە تالىشىشقا جۈرئەت قى-
لالمايتتى. ئەگەر ساقلىنىشقا مۇمكىن بولسىلا، ھېچ-
كىم پلوس خانقىز بىلەن تاكاللىشىشنى خالىمايتتى.

# ماركىز ئېفرىموند

ماركىز ئېفرىموند بەكمۇ ئۆمىدسىزلەندى. ئۇ فە-
رانسىيە خان ئوردىسىدا بىرقانچە سائەتتىن بۇيان ساق-
لاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن تېخىچە
سۆزلەشمەيۋاتاتتى. ماركىز غەزەپ بىلەن پەيتۇنغا چىقتى
ۋە پەيتۇنچىغا پەيتۇننى ئۆيگە قاراپ ھەيدەشنى بۇيرۇدى.
پەيتۇن تېز سۈرئەتتە چېپىپ، پارىژدىن چىقىپ كەلدى.
كىشىلەر ئەگەر قېچىپ، ئۇلگۈرەلىگۈدەكلا بولسا، تار
كوچىدا ھەر تەرەپكە قېچىشىپ پەيتۇنغا يول بېرىشەتتى.
سان ئانتونىدىكى بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پەيتۇننىڭ
چاقى بىرنېمىگە ئۇرۇلدى، كوچىدىكى كىشىلەر چىر-
قىرىشىپ كەتتى. ئات ئۈركۈپ كەتتى، پەيتۇن توختىدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ماركىز پەيتۇننىڭ
سىرتىغا قاراپ:
ئېگىز بويلۇق بىر ئەر بىر يۆگەكنى كۆتۈرگەن
پېتى ئۇنىڭغا قاراپ خۇددى ياۋايى ھايۋاندەك ھۆركىرەپ
يىغلايتتى.
— كەچۈرگەيلا، ماركىز جانابلىرى، — دېدى كى-
يىملىرى جۇل-جۇل بىر ئادەم ئىنتائەتمەنلىك بىـ-
لەن، — ئۇ بىر كىچىك بالا.
— ئۇ نېمىشقا كىشىنى بىزار قىلغۇدەك قاتتىق

ۋارقىرايدۇ؟ ئۇنىڭ بالىسىمىدى؟

— شۇنداق، ماركىز جانابلىرى.

ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئەر بىردىنلا ئورنىدىن تۇ-رۇپ پەيتۇنغا قاراپ يۈگۈرگەندە، ماركىز قولىنى دەرھال شەمشىرىنىڭ سېپىگە ئوزاتتى.

— بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى! — ھېلىقى ئادەم ھېچنېمىگە قارىماي ۋارقىرايتتى، ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، — ئۆلتۈرۈپ قويدى.

كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ماركىز جانابقا قارى-شىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرغان كۆزلەردە پەقەت ھوشيارلىق ۋە تەلمۈرۈش ھېسسىياتىلا بولۇپ، تەھدىت ۋە غەزەپ ـ نەپرەت كۆرۈنمەيتتى. كىشىلەر ئۈندىمەي تۇرۇشاتتى، ھېلىقى قاتتىق ۋارقىراشتىن كېيىن ئۇلار سۈكۈتكە چۆككەن، تېخىچە سۈكۈتتە تۇرۇشۇۋاتاتتى. با-ياتىن جاۋاب قايتۇرغان ئىتائەتمەن ئادەمنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك پەس بولۇپ، ئۇ بويىنىنى قىسىپ بىر چەتتە ئىتائەتمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ماركىز ئۇلارغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى. ئۇلار ئۇۋىسىدىن چىققان چاش-قانلارغىلا ئوخشايتتى.

ئۇ ھەمىيىنىنى ئالدى.

— سىلەر، ئۆزۈڭلارغىمۇ، بالىلىرىڭلارغىمۇ دىققەت قىلمايسىلەر، مەن ھەقىقەتەن بەك ھەيران قېلىۋاتىمەن.

سىلەر ھەمىشە يولنى توسۇۋالىسىلەر! ھەي، بۇنى ئۇ-نىڭغا بەر!

ئۇ بىر تىللانى تاشلاپ بېرىپ، چاكىرىغا ئۇنى ئې-لىپ بەر، دېدى. ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى چىرقى-راق ئاۋادا ۋارقىرىدى:

— ئۆلدى!

كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بىر كىشىگە يول بې-رىشتى، بىر ئەر كېلىپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— مەن بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى ئۇ كىشى، — باتۇر ئەركەكلەردەك بول، گاسپارد! بۇ بىچارە بالىنىڭ ھايات قالغىنىدىن بەلكى ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشىراقتۇر. بىراقلا ئۆلۈپ كەتسە ئازابمۇ تارتمايدۇ. بۇ بالا مۇشۇنداق بەختلىك ھالدا بىرەر سائەت ياشاپ باققانمۇ؟

— ھوي، سەن بىر دانىشمەن ئادەمكەنسەن! — دېدى.

— ئىسمىڭ كىم؟

— دېفارج.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەيپۇرۇش، ماركىز بېگىم.

— مۇنۇ تىللانى ئال، دانىشمەن مەيپۇرۇش، — ماركىز سۆزلىگەچ ئۇنىڭغا بىر تىللا تاشلاپ بەردى، — خالىغىنىڭچە خەجلە، ئاتلىرىمغا بىرەر ئىش بولمىغان-دۇ، زەخىملەنمىگەندۇ؟

ماركىز ئورنىغا قايتىدىن ئولتۇرۇپ ماڭغاي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن ئېتىلغان بىر تىللا پەيتۇن ئىچىگە چۈشۈپ جىرىڭلاپ كەتتى.

— پەيتۇننى توختات! — دېدى ماركىز، — بۇنى كىم ئاتتى؟

ئۇ ھېلىقى مەيپۇرۇش دېفارج تۇرغان جايغا قارىدى، ھېلىقى بىچارە دادا ئۇ يەردە تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تەمبەل بىر ئايال پۇپايكا توقۇۋاتاتتى.

— ھۇ ئىتلار! — دېدى ماركىز ئالدىرىماستىن، چىرايىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىغان ھالدا، — مەن سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن باستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى بەك خالايمەن، سىلەرنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلىپ تاشلىسام دەيمەن! ئەگەر ئۇنى قايسى لۈكچەكنىڭ ئاتقانلىقىنى بىلسەم، ئەگەر ئۇ باندىت پەيتۇنۇمغا يېقىنراق جايدا بولغان بولسا، ئۇنى باستۇرۇپ يانجىپ تاشلايتتىم.

ئۇلار مانا شۇنداق تەھدىتكە ئۇچرىدى، ئۇلار مۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز ھالدا قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ يىللىق ئېچىنىشلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاچقا، ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمىدى ياكى قولىنى كۆتۈرمىدى، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قارىيالمىدى. ئەرلەرنىڭ ئىچىدە ھېچكىم ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما، ئۇ

يەردە پوپايىكا توقۇپ تۇرغان ئايال كەسكىنلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قادالدى. بۇنداق ئىشلارغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇش ماركىزنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كەلمەيتتى. شۇڭا، ماركىز ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدى، باشقا «چاشقانلار» غىمۇ بىر قاراپ چىقتى ـ دە، «مالڭ!» دەپ پەيتۇنكەشكە بۇيرۇق چۇشۇردى.

ئۇنىڭ پەيتۇنى يۇرۇپ كەتتى، باشقا پەيتۇنلار، ھارۋىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چېپىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ۋەزىرلەر، مەسلىھەتچىلەر، باجگىرلار، دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار، مىسسىئونېرلار، ئوپېرا ۋە كومېدىيە ئارتىسلىرىدىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىقابىلىق ئۇسسۇلچىلار قوشۇنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شىددەت بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى «چاشقانلار» بولسا ئۆۋۈلىرىدىن چىقىپ، بىرنەچچە سائەتكىچە قاراپ تۇرۇشتى. ئەسكەر ۋە ساقچىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ بىر توسۇق ھاسىل قىلغانىدى، كىشىلەر بۇ توسۇقنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشاتتى، ھېلىقى دادا ئۇ يۆگەكنى كۆتۈرۈپ مۆكۈۋالغانىدى، بۇ چاغدا ھېلىقى يۆگەك بۇلاق سۇيىسىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغان ھېلىقى ئايال ئېقىۋاتقان سۇ ۋە سەلدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىقابىلىق ئۇسسۇلچىلارغا قارايتتى. ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بىرنەرسە توقۇۋاتقان بىردىنبىر ئايال خۇددى تەقدىر ئىلاھىدەك قەيسەرلىك

بىلەن يەنىلا قولىدىكى نەرسىنى توقۇۋاتاتتى. بۇلاق سۈيى ئاقماقتا، تېز ئېقىن ئاقماقتا، كۈندۈز ئۆتۈپ كېچە بولماقتا، شەھەردىكى نۇرغۇن جانلار تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئۆلمەكتە، يىللار ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، «چاشقانلار» ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىسىدا بىر يەرگە قىستى-لىپ ئوخلىماقتا، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئىقابلىق تانسا سورۇنىدا چىراغلار چاقناپ، ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا كېتىۋاتماقتا.

پەيتۇن تاغ ئۈستىگە چىققاندا، كەچكى شەپەق پەيد-تۇن ئىچىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچىنى يورۇتتى. «كۈن ھازىرلا ئولتۇرۇپ كېتىدۇ» دېدى ماركىز جاناب قولىغا قاراپ.

كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى، پەيتۇن چاقى تور-مۇزلىنىپ ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىتىلغاندا، چاقتىن چالا كۆيگەن كۆمۈر پۇرىقى كەلدى، پەيتۇن توپا - توزان ئىچىدە تاغدىن چۈشۈشكە باشلىغاندا كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى، ماركىزمۇ كۈن بىلەن تەڭلا تاغدىن چۈشتى، پەيتۇن چاقىدىن تورمۇز بوشىتىلغاندا، كەچكى شەپەق پۈتۈنلەي يوقالدى.

كوچىلاردا باللارنى ئانچە كۆپ كۆرگىلى بولمايت-تى، ئىتلار زادىلا يوق ئىدى. كەنتتىكى ئەر - ئاياللارنىڭ تەقدىرى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان، ئۇلار ياكى

تۇگمەننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىچىك كەنتتە ئۆلمەس-لىككە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش شا-رائىتىدا ياشايتتى، ياكى تۇتقۇن بولۇپ، قىيا ئۇستىدىكى قاماقخانىلاردا ئۆلۈپ كېتەتتى.

ماركىز بېگىم ئۆزىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇرغان ئىتائەتمەن چىرايلارغا قارىدى. بۇ چىرايلار خۇد-دى ئۇ ئوردىدا پادىشاھنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇر-غاندەك ئىتائەتمەن ئىدى، ئەمما ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئېگىشىپ تۇرۇشى پەقەت سەۋر ـ تاقەت قىلغانلىقى بولۇپ، خۇشامەت قىل-غانلىقى ئەمەس ئىدى، بۇ چاغدا ئاق چاچلىق بىر يول ئاسرىغۇچى كىشىلەر توپىغا كىرىپ كەلدى.

— ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى ماركىز خەۋەرچىگە.

ئۇ ئادەم ئېلىپ كېلىندى، ئۇنىڭ قولىدا قالپىقى بار ئىدى، باشقا كىشىلەر خۇددى پارىژ كوچىسىدىكى ھېلىقى بولاق يېنىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش يوپۇرۇ-لۇپ كېلىپ قولاق سالماقتا ئىدى.

— مەن بايا سېنىڭ يېنىمدىن ئۆتتۈمغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، بېگىم.

— تاغقا چىقىۋاتقاندا، تاغ ئۇستىدە سېنىڭ يېنىڭ-دىن ئۆتتۈمغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، بېگىم.

— سەن پەيتۇنۇمغا تىكىلىپ نېمىگە قارىماقچىدىڭ؟

—بېگىم، مەن ئاۋۇ ئادەمگە قارىدىم.

ئۇ سەل ئېگىلىپ، قولىدىكى قالپىقى بىلەن پەيتۇنىنىڭ ئاستىنى كۆرسەتتى. باشقا كىشىلەرمۇ ئېگىلىپ پەيتۇنىنىڭ ئاستىغا قاراشتى.

— نېمە ئادەمكەن؟ ھۇ چوشقا! نېمىشقا ئۇ يەرگە قارايسەن؟

— كەچۈرسىلە، بېگىم! ئۇ ئاشۇ يەرگە، تورمۇز زەنجىرىگە ئېسىلىۋاپتىكەن.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ماركىز.

— ھېلىقى ئادەم، بېگىم!

— بۇ ئەخمەقلەرنى ئالۋاستى يۇتۇۋەتكەي! ئۇ كىم؟ بۇ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى سەن تونۇيسەن! ئۇ كىم؟

— رەھىم قىلسىلا، بېگىم! ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەس. مەن ئۆمرۈمدە ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان.

— تورمۇز زەنجىرىگە ئېسىلىۋاپتىكەن، ئۇ ئۆلمەكچىمىكەن؟

— بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا، بېگىم، ئۇ غەلىتە ئادەم ئىكەن، بېگىم، ئۇنىڭ بېشى

مۇنداق ئېيىلىپ تۇرۇپتۇ!

ئۇ بۇرۇلۇپ، پەيتۇن يېنىغا بېرىپ، پەيتۇنغا يېنى-نى قىلىپ ئاسمانغا قاراپ ئارقىچە ئېگىلدى، ئاندىن ئۆرە بولۇپ، قالپىقىنى سىقىمداپ تۇرۇپ ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— ئۇنىڭ چىرايى قانداق ئىكەن؟

— تۇگمەن خوجايىنىدىنمۇ ئاق ئىكەن، بېگىم! ئۇستۇبشى پۇتۇنلەي توپا، ئالۋاستىدەك يوغان، بەستلىك.

بۇ قىياپەت بۇ يەردىكى كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزى خۇددى ئىشارەت قىلىشىۋالغاند-دەك، بىراقلا ماركىزغا تىكىلدى. ئۇلار گويا ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىغا قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەجەب ياخشى قىپسەن! — ماركىز بۇنداق زى-ياندا شلارنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئې-سىگە ئېلىپ، — مېنىڭ پەيتۇنۇمنىڭ ئاستىغا ئوغرى-نىڭ ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ مۆرەپمۇ قويماپسەن! ھىم، ئۇنى قويۇۋەت، گابېل ئەپەندى.

گابېل ئەپەندى ئۆتەڭ باشلىقى بولۇپ، قوشۇمچە ئىجارە يىغاتتى. سوراق بولۇۋاتقاندا ئۇ يېتىپ كېلىپ، ياندا ئەدەپ بىلەن تۇرۇپ ماركىزغا ياردەملىشىپ، خۇددى ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك سوراق قىلىنغۇچىنىڭ

يېڭىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ھىم، يوقال! — دېدى گابېل ئەپەندى.

— ئەگەر ھېلىقى ياقا يۇرتلۇق سىلەرنىڭ بۇ كەنتتە قونۇپ قالسا، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ چوقۇم تەكشۈرۈپ چىقىڭلار، گابېل.

— سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش مەن ئۈچۈن شان ـ شەرەپ، بېگىم.

— ھېلىقى ئەبلەخ قېچىپ كەتتىمۇ؟ ئۇ ئۆلگۈر ئەبلەخ قېنى؟

ئۇ ئۆلگۈر ئەبلەخ بىرقانچە كىشى بىلەن پەيتۇن ئاستىدا ئىدى، ئۇ كۆك قالپىقى بىلەن زەنجىرنى كۆرسىتىۋاتاتتى. يەنە بىرقانچە كىشى ئۇنى دەرھال پەيتۇن ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا ماركىز بېگىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ھېلىقى ئادەم بىز توختاپ پەيتۇن چاقىغا تورمۇز سېلىۋاتقان چاغدا قېچىپ كەتتىمۇ ـ قانداق، چوشقا؟

— بېگىم، ئۇ خۇددى بىر كىشى دەرياغا ئۆزىنى ئاتقاندەك، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى.

— دىققەت قىل، گابېل! ھەيدە!

پەيتۇننىڭ تورمۇز زەنجىرىنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەر

خۇددى قويلاردەك يەنىلا پەيتۇن ئاستىدا تۇراتتى. پەيتۇن بىردىنلا قوزغالدى، بەختىگە، ئۇلارنىڭ ئورۇۋقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان تەنلىرى زەخىملەنمىدى. ئۇلارنىڭ ئامان ساقلاپ قالالايدىغان نەرسىلىرى بەك ئاز ئىدى، بولمىسا، ئۇلارنىڭ مۇنداق تەلىيى ئۇڭدىن كەلمىگەن بولاتتى.

پەيتۇن ئۇچقاندەك چېپىپ كەنتتىن چىقىپ كەتتى. كەنت سىرتىدىكى تاغ باغرىغا چىققاندا، بايىقى تېزلىكنى ئاستىلاتتى. پەيتۇن ئاستا ـ ئاستا سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ئادەتتىكى مېڭىش ھالىتىگە كەلدى، ئۇ ياز كېچىسىدىكى گۇللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئىچىدە چايقىلىپ، تاغ ئۈستىگە چىقىپ كېتىپ باراتتى. نۇرغۇنلىغان كىچىك ھاشاراتلار پەيتۇنچىلارنىڭ بېشى ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچۇشاتتى، ئۇلار ئۇندىمەستىن قامچىلىرىنى ئوخشىشاتتى، چاكار ئاتلارنىڭ يېنىدا كېتىپ باراتتى، خەۋەرچى ئاتلىق مېڭىپ، ئالدىدا خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن قارىسى يوقالغانىدى، ئەمما، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

تاغ يولىنىڭ ئەڭ تىك يېرىدە بىر كىچىك قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر كرېست بەلگىسى قادالغان، كرېست بەلگىسىنىڭ ئۇستىگە خرىستوسنىڭ يېڭى ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى. بىر ئايال

بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت سىمۋولى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. پەيتۇن ئۇنىڭ ئۈدۈلىغا كەلگەندە ئۇ بۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەيتۇننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ سىلىكەنلىغۇ بېگىم، سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى!

ماركىز بېگىم تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۇھ تارتىپ، پەيتۇننىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

ــ نېمە بولدى! نېمە ئىش ئىدى ئۇ، مەندىن ئۆتۈنىدىغان؟

ــ بېگىم، بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا! مېنىڭ ھېلىقى ئورمانغا قارايدىغان ئېرىم....

ــ سېنىڭ ئېرىڭ، ئورمانغا قارىغۇچى نېمە بولدى؟ ئىجارە، باجنى تاپشۇرالمىدىمۇ؟

ــ ئۇ ھەممىنى تاپشۇرۇپ بولغان، بېگىم، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى!

ــ بۇمۇ بوپتۇ، ئۇ ئەمدى خاتىرجەم بوپتۇ، مەن ئۇنى تىرىلدۈرۈپ ساڭا قايتۇرۇپ بېرەلەيتتىممۇ؟

ــ ئاھ، ياق بېگىم! ئۇ ئاۋۇ يەردە، بىر دۆۋە ئوتنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ.

ــ ياتسا نېمە بوپتۇ؟

ــ بېگىم، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرى

بار.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

ئۇ قارىماققا مومايغا ئوخشىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ياش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت سەۋەبىدىن بولۇۋاتاتتى.

— بېگىم، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ باقسىلا! مېنىڭ تەلەپلىرىمگە قۇلاق سېلىپ قويسىلا! مېنىڭ ئېرىم نامراتچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر نامراتچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېقىپ كېتەلەيتتىممۇ؟

— بېگىم، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، مەن سىلىدىن بۇنى تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم شۇكى، كىشىلەرگە ئېرىمنىڭ مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قەبرىسىگە ئۇنىڭ ئىسمى ئويۇلغان بىر قەبرە تېشى ياكى بىرەر تاختا ئورنىتىپ قويغىلى بولارمۇ؟

چاكار ئۇ ئايالنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، پەيتۇن ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. پەيتۇنچى ئاتنى قامچىلاپ سۈرئەتنى تېزلەتتى، ئات بىردىنلا يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئايال يىراقتا قالدى.

بۇ چاغدا، ماركىز بېگىم نۇرغۇن دەرەخلەر بىلەن

ئورالغان بىر ئېگىز ئىمارەتلىك قەلئە ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ پەيتۇنى توختىشى بىلەنلا مەشئەل يورۇقى ئەتراپنى يورۇتتى ـ دە، قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى.

— مەن كۈتۈۋاتقان ئادەم، چارلېز ئەپەندى ئەنگلىيىدىن قايتىپ كەلدىمۇ؟

— تېخى قايتىپ كەلمىدى، بېگىم.

ماركىز بېگىمنىڭ بۇ قەلئەسى چوڭ بىر قورۇلۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ هويلا بولۇپ، كەڭ تاش پەلەمپەيلەر چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا تۇتىشاتتى. گويا ئىككى ئەسىر ئىلگىرى بۇ قەلئە پۈتكەندە گورگۇن *كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ كەتكەندەك، هويلىنىڭ هەممىلا يېرى پۈختىلا تاش رېشاتكا، تاش گۈل، تاش هەيكەل، تاش شىرلار بىلەن تولغان بولۇپ، هەممىسى تاشتىن ياسالغانىدى.

ماركىز بېگىم هويلىغا كىرگەندىن كېيىن، دەرۋازا تاراقلاپ يېپىلدى. ماركىز بېگىم چوڭ زالغا كىردى، بۇ يەردە تامغا ياۋا توڭگۇز ئوۋلايدىغان قەدىمكى نەيزە، خەنجەر، قىلىچلار ئېسىلغان بولۇپ، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يەنە چىۋىقتىن ئۆرۈلگەن قامچا، تاسما قەمچىلارمۇ ئېسىلغان بولۇپ، ئادەمگە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيغۇ

---

* گورگۇن — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى غەلىتە مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى كۆرگەن ئىنسان ۋە نەرسىلەر تاشقا ئايلىنىپ كېتەرمىش.

بىرەتتى. چۈنكى، ھازىر خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن نۇرغۇن دېھقانلار ئەينى چاغدا بۇ قامچىلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدى.

ئۈچىنچى خانىدا ئۇستەلگە ئىككى كىشىلىك چىنە ـ قاچا قويۇلغانىدى. بۇ شەكلى يۇمىلاق خانا بولۇپ، ئۇ بۇ قورغاننىڭ ئۇستىدىكى مۇنار شەكىللىك تۆتىنچى بىنانىڭ بىرىگە جايلاشقانىدى. ئېگىز يەرگە جايلاشقان بۇ خانىنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق، ئەمما پەنجىرىسى يېپىقلىق ئىدى، شۇڭا، ئۇنىڭدىن يول ـ يول قارا سىزىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— جىيەنىم، — دېدى ماركىز ئۇستەلدىكى چىنە ـ قاچىلارغا قاراپ قويۇپ، — تېخى كەلمەپتۇ ـ دە!

ئۇ تېخى كەلمىگەن، ئەمما ھەممەيلەن ئۇنى بېگىم بىلەن بىللە كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— ھەي، بۈگۈن ئاخشام ئۇ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. چىنە ـ قاچىلار مۇشۇ پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن. مەن چارەك سائەتتىن كېيىن تەييارلىنىپ كىرىمەن.

چارەك سائەتتىن كېيىن ماركىز تەييارلىنىپ بولدى ـ دە، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ مول، مەززىلىك كەچلىك تامىقىنى يېيىشكە كىرىشتى. ئۇ دېرىزىگە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇراتتى، شورپىنى ئىچىپ بولۇپ، بوردو ئۈزۈم ھارىقى قۇيۇلغان ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا

ئاپىرىلا يەنە قويۇپ قويدى.

— ئۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ماركىز پەنجىرىدىكى قارا بىلەن كۆل رەڭ ئارىلاش پاراللېل سىزىقلارغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ خاتىرجەم هالدا.

— بىلمىدىم، نېمىنى دەيلا؟

— پەنجىرىنىڭ سىرتىدىكىنى دەيمەن، ئۇنى ئېچىڭ - ۋەت.

پەنجىرە ئېچىۋېتىلدى.

— نېمە ئىكەن؟

— بىلمىدىم، ھېچنېمە يوققۇ، يەنىلا شۇ دەرەخ ۋە كېچە قاراڭغۇسى.

پەنجىرىنى ئاچقان خىزمەتكار قاپقارا كېچە ئاسمىنىغا قارىدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ دېرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ قاراپ تۇردى.

— بولدى، پەنجىرىنى يېپىۋەت! — دېدى ماركىز.

پەنجىرە يېپىۋېتىلدى. ماركىز يەنە تامىقىنى يې - يىشكە كىرىشتى. تامىقىنى يەپ بولاي دەپ قالغاندا، پەيتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ قولىغا ئالغان ئىستاكاننى يەنە قويۇپ قويدى. پەيتۇن ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلى - شىپ، دەرۋازا ئالدىغا كەلدى.

— چىقىپ قاراپ باق، كەلگەن كىم ئىكەن؟

— جېيەنلىرى ئىكەن، بېگىم.

— ئۇنىڭ بىلەن كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن ساقلاپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئېيت، ئۇنى چاقىرىپ

— دېدى ماركىز. بىردەمدىن كېيىن. ئۇنىڭ جىيەنى كىردى. ئەنگلىيىدە ئۇ چارلېز دانىي دەپ ئاتىلاتتى.

ماركىز ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالدى، ئەمما ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىدى.

— سىز تۈنۈگۈن پارىژدىن ماڭغانغۇ دەيمەن، ماركىز تاغا، — دېدى ئۇ ئولتۇرۇۋېتىپ، تاغىسىدىن ئەھۋال سوراپ.

— ھەئە، تۈنۈگۈن، سەنچۇ؟

— ئۇدۇل كېلىشىم.

— لوندوندىنمۇ؟

— ھەئە!

— بۇ قېتىم ئۇزۇندا كەلدىڭ؟ — دېدى ماركىز كۈلۈپ.

— دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن ئۇدۇللا كەلدىم.

—كەچۈرگىن، مەن سېنى يولدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭ دېمەكچى ئەمەس، ئۇزۇندا كەلدىڭ دەۋاتىمەن، خېلى بۇرۇنلا كەلمەكچى ئىدىڭغۇ؟

—ھايال بولۇپ قالدىم، بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن، —

دېدى ئۇ سەل توختىۋېلىپ.

— بۇ شەك ـ شۈبھىسىز، — دېدى سىپايە تاغىسى.

چاكار بار چاغدا ئۇلار باشقا گەپ قىلىشمىدى، قەھۋە ئەكىرىلىپ ئۇلار ئىككىسىلا قالغان چاغدا، جىيەنى تاغىسىغا قارىدى، نەپىس نىقابقا ئوخشايدىغان يۈزلەردىكى كۆزلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشلاندى.

— ماركىز تاغا، مەن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىز بويىچە كەلدىم. مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىممۇ ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن. گەرچە مەن شۇ سەۋەبتىن كۈتۈلمىگەن زور خەۋپلەرگە دۈچ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن بۇ مۇقەددەس مەقسەت ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازىمەن. مەن بۇ مەقسەتنىڭ ماڭا داۋاملىق يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— نېمىشقا ئۆلىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

— ماركىز تاغا، ئەگەر مەن مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسام، مېنى توسمايسىزغۇ دەيمەن؟

تاغىسى ناھايىتى چىرايلىق ھەرىكەت بىلەن قارشى تۇرۇش ئىپادىسىنى بىلدۈردى، بۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى، بۇ ئۇنىڭ جىيەنىنى خا-

تىرجەمىسىزلەندۈرۈۋەتتى.

— راست، تاغا، — دېدى جىيەنى، — ئاڭلىسام، سىز ئالاھىدە ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، مېنىڭ ئەسلىدە گۇ-مانلىق بولغان ئىشلىرىمنى تېخىمۇ گۇمانلىق قىلىپ قويغان ئوخشايسىز.

— ياق، ياق، — دېدى تاغىسى خۇشال ھالدا.

— بىراق، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، — دېدى جىيەنى ناھايىتى گۇمانلىنىش نەزەرى بىلەن تاغىسىغا

— مەن سىزنىڭ ناھايىتى پىشىپ كەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، سىز ھەرقانداق ۋاستىلەر بىلەن، ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي مېنى توسىسىز.

— قېرىندىشىم، مەن شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ساڭا ئېيتقان، — دېدى تاغىسى، — ئويلاپ باق، مەن شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقان.

— ئېسىمگە كەلدى.

—رەھمەت، — دېدى ماركىز. ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى تەسىرلىك بولۇپ، خۇددى يېقىملىق ساز ئاۋازىغا ئوخ-شاش ئۇزۇنغىچە سوزۇلۇپ ئاڭلاندى.

— راستىنى ئېيتقاندا، تاغا، — دېدى جىيەنى سۆ-زىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ فرانسىيىدە تۈرمىگە كىرىپ قالمىغانلىقىمغا سىزنىڭ تەلىيىڭىز-نىڭ تەتۈردىن، مېنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى سەۋەب

بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— مەن ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمىدىم، ئەدەپسىزلىك بولىسمۇ سوراپ باقاي، چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر سىز ئوردىدا نەزەردىن چۈشۈپ قالمىغان بولسىڭىز، ئەگەر ئالدىنقى يىللاردا شان ـ شەرىپىڭىزگە داغ چۈشمىگەن بولسا، سىز بىر پارچە مەخپىي خەت بىلەنلا مېنى بىرەر قەل-ئەگە ئۆمۈرلۈك سولىتىۋەتكەن بولاتتىڭىز.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى، — دېدى تاغىسى ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن، — جەمەتىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن، مەن ھەتتا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سېنى شۇنداق دەردكە دۇچار قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. مېنى كەچۈر!

— كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، بۇرناكۇندىكى قوبۇل قىلىشتا، بەختىمگە يارىشا، ئىلگىرىكى قوبۇل قىلىشلارغا ئوخشاشلا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپسىز! — دېدى جۇ-يەنى.

— مەن بەختىمگە يارىشا دېيەلمەيمەن، قېرىنىدىشىم — دېدى تاغىسى ئەدەپ بىلەن، — بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مەسىلىنى مۇنداق ئويلاشتىكى ياخشى پۇرسەتنىڭ سېنىڭ تەقدىرىڭگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئېھتىمال سېنىڭ ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆز قولۇڭدا

تۇتقىنىڭدىن پايدىلىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ھازىر بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالاشقانىڭ پايدىسى يوق. سەن دېگەندەك، مەن پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتىمەن. بۇ كىچىككىنە جازا قورالىغا، جەمەتىمىزنىڭ ھوقۇقى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغدايدىغان بۇ مۆتىدىل ياردەمچى ۋاستىلەرگە، سېنى ئاشۇنداق دەردكە مۇپتىلا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بۇ كىچىككىنە ئىمتىيازلارغا بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ھوقۇق ـ كۈچ ۋە مەجبۇرلاشقا تايىنىپلا ئېرىشىش مۇمكىن. بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما، بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى، ئەمما فرانسىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى بارغانسېرى ناچار بولماقتا، ھەتتا بىزنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزمۇ ئەتراپتىكى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ھايات قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. نۇرغۇن تېگى پەسلەر مانا مۇشۇ ئۆيدىن سۆرەپ چىقىلىپ دارغا ئېسىلغان. بىر ئەبلەخ تەپ تارتماي قىزىم خورلۇققا ئۇچرىدى دەپ نومۇسسىز گەپلەرنى قىلغاچقا، مۇشۇ ياندىكى ئۆيدە نەق مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا قىلىچ تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بىز ھازىر نۇرغۇن ئىمتىيازلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ھازىر يېڭى بىر پەلسەپىۋىلىك قاراش يامراپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆز

ئورنىمىزنى قوغدايمىز دېسەك، ئېھتىمال (مەن چوقۇم دېمىدىم، ئېھتىمال دەۋاتىمەن) بىزگە ھەقىقىي ئاۋارە-چىلىكلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن، بەك يامان بولىدى.

— مەيلى قەدىمدە ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، بىز ئۆز ئورنىمىزنى پۈتۈنلەي كۈچىمىز بىلەن قوغداپ كەلدۇق، — دېدى. جىيەنى ھەسرەت بىلەن، — ئۆز ئور-نىمىزنى قوغداپ ئەمدى مۇشۇنداق بىر ھالغا كېلىپ قالدۇق، مەن جەمەتىمىزنىڭ فامىلىسىنىڭ فرانسىيە-دىكى باشقا ھەرقانداق فامىلىدىنمۇ بەكرەك كىشىلەر-نىڭ ئۆچمەنلىكى، نەپرىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنە-نىمەن.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي! — دېدى تاغىسى، — يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك تۆۋەن تە-بىقىدىكىلەرنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى ھۆرمىتىدۇر.

— بىزنىڭ بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا، — دېدى جى-يەنى بايىقى تەلەپپۇزى بىلەن،— مەن ئۇچراشقان ئادەم-لەرنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا قىلچە ھۆرمەت بىلدۈرمىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا پەقەت قورقۇش ۋە قۇللۇقتىن ئىبا-رەت سوغۇق خۇشامەتلا بولىدى.

— بۇ بىزنىڭ شان-شۆھرىتى يۇقىرى بولغان جەمەتىمىزگە بولغان مەدھىيە، بۇ جەمەتىمىز ئۆز شۆھرىتىنى قوغداشقا تايىنىپ ئېرىشكەن مەدھىيە، ھا!

ھا! — دېدى ماركىز.

ئەمما، ئۇنىڭ جىيەنى بىر جەينىكى بىلەن ئۇس-تەلگە تايىنىپ، روھى چۈشكەن، چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا ئالىقىنى بىلەن كۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— باستۇرۇش — ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز كۈچىنى يو-قاتماي كېلىۋاتقان بىردىنبىر چارە. قورقۇش ۋە قۇللار-چە سوغۇق خۇشامەت، قېرىندىشىم، بۇ تېگى پەسلەرنى قامچىغا بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىلا ئاسماننى توسۇپ تۇرالايدۇ، — دېدى ماركىز ئۆينىڭ تورۇسىغا قا-راپ.

ئۆينىڭ ئۆگزىسى ماركىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ھەممىنى ئۇنچە ئۇزۇن توسۇپ تۇرالماسلىقى مۇمكىن.

— گەرچە سەن خالىمىساڭمۇ بىز ئۆز جەمەتىمىز-نىڭ شان ـ شەرىپى ۋە خاتىرجەملىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك. ھېرىپ قالدىڭغۇ دەيمەن، بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەرگىچە سۆزلىشەيلىمۇ؟

— يەنە بىر ئاز سۆزلىشەيلى!

— بولىدۇ ئەمسە، سەن خالىساڭلا بىر سائەت بولىسىمۇ مەيلى.

— ماركىز تاغا، بىز يامان ئىش قىلدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنى تارتىمىز، — دېدى جىيەنى.

— بىز يامان ئىش قىلدۇق؟ — دەپ تەكرارلىدى

ماركىز ئەدەپ بىلەن جىيەننىنى ھەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

— بىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيلۇق جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيى ھەر ئىككىمىزگە بەك مۇھىم، ئەمما، كۆز قارىشىمىز تۇپتىن ئوخشىمايدۇ. ھەتتا مېنىڭ دادام ياش ۋاقتىدا بىز نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدۇق. مەيلى بىز قانداق ئەسكىلىك قىلمايلى، كىم بىزنىڭ ئويناپ ـ كۈلۈشىمىز، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشىمىزغا دەخلى قىلسا، شۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدۇق. ئۇ چاغلار سىزنىڭمۇ ياش ۋاقتىلىرىڭىز تۇرسا، مەن يەنە نېمىشقا دادامنىڭ ياش ۋاقتىلىرىلا دەيمەن؟ مەن دادام بىلەن ئۇنىڭ قوشكېزەك ئىنىسى، ئورتاق مىراسخورى، ئىككىنچى مىراسخورنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشىم كېرەكمۇ؟

ئۆلۈم بىزنى ئايرىۋەتكەن؟ — دېدى ماركىز.

— ئەمما، مەن قالغان، — دېدى جىيەنى، — مەن مېنى چۇشەپ تۇرۇۋاتقان رەزىل تۈزۈم ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشتا ئىلاجسىزمەن. سۆيۈملۈك ئانامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى، ئۇنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى قاراشلىرى مېنىڭدىن كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىشىمنى، ئىلگىرىكى سەۋەنلىكلىرىمىزنى تۈزىتىشىمنى تەلەپ قىلاتتى، مەن ئامال بار ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلسام، ھوقۇقۇقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلسام،

ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيۋاتىمەن، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئازابلىنىمەن.

— مېنىڭدىن ياردەم ۋە ھوقۇقتا ئېرىشمەكچى بولۇشىڭ — ماركىز، — شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئېيتىمەنكى، مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس!

ئۇ ناسۋال قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ، خاتىرجەم ھالدا جىيەنىگە قارىدى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قېرىندىشىم، مەن بۇ تۇزۇم ئاستىدا ئىنتايىن خۇشال - خۇرام ياشاۋاتىمەن، مەن ئۇنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قوغداش ئۇچۇن جېنىمنى پىدا قىلىشنى خالايمەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئاخىرقى بىر چېكىم ناسۋالنى پۇرىۋالغاندىن كېيىن، ناسۋال قۇتىسىنى يانچۇقىغا سالدى.

— يەنىلا ئاقىلانىرەك بولغان ياخشى، — دېدى ئۇ ئۇستەلدىكى كىچىك قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ، — تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك. بىراق مېنىڭچە سەن نىشاندىن ئادىشىپسەن، چارلىز ئەپەندى.

— مەن ئائىلە ئىگىلىكى ۋە فرانسىيەدىن مەھرۇم قالدىم، — دېدى جىيەنى مەيۇس ھالدا، — مەن ھەممىدىن ۋاز كەچتىم.

— بۇلار ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ، نېمىشقا ۋاز

كېچىش كېرەك ئىكەن؟ ئېھتىمال فرانسىيىدىن ۋاز كېچىشىڭگە مۇمكىن بولار، ئەمما ئائىلە ئىگىلىكى ساڭا مەنسۇپمۇ؟ بۇ تىلغا ئېلىشىڭغىمۇ ئەرزىمەيۋاتسا، ھازىر يەنە ساڭا مەنسۇپمۇ؟

— مېنىڭ سۆزۈمدە تېخى ئائىلە ئىگىلىكىنى تەلەپ قىلىش مەنىسى يوق. ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسىڭىز....

— بۇ ئانچە مۇمكىن بولمايدۇ، مېنىڭ بۇ ئۇمىدىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم بار.

— ئېھتىمال، يەنە 20 يىلدىن كېيىن....

— بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ بەخت، مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ماركىز.

— مەن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، يەنە باشقا بىر خىل تۇرمۇش كەچۈرىمەن. ئەمما، بىرەرنەرسىدىن ۋاز كېچىشتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ يەردە ئېچىنىشلىق ئەھۋال بىلەن خارابىلىقتىن باشقا يەنە نېمە بار ئىدى؟

— ھىم! — دېدى ماركىز ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— تاشقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، بۇ يەر ھەقىقەتەن ناھايىتى چىرايلىقتەك قىلىسىمۇ، لېكىن كۈپكۈندۈزدە بۇ يەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاندا، ئۇنىڭ ياخشى باشقۇرۇلمىغان، ئىسراپچىلىق، قاقتى-سوقتى قىلىش،

قەرز، رەنە، زۇلۇم، ئاچارچىلىق، نامراتچىلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇستىگە قوپۇرۇلغان، غۇلاش ئالدىدا تۇرغان مۇنار شەكىللىك بىر بىنا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— ھىم! — دېدى ماركىز يەنە.

ئەگەر بۇ ئىگىلىك ماڭا تاپشۇرۇلغان بولسا، مەن ئۇنى باشقۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەمگە تاپشۇرغان بولاتتىم. ئۇ بۇ ئىگىلىكنى غۇلاپ كېتىش خەۋپىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولاتتى. بۇ زېمىندىن ئايرىلىپ كېتىش ئىمكانىيىتى زادىلا بولمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن بەختسىز كىشىلەر ئازراق ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان بولاتتى، ئەمما، ھازىر بۇ ئىگىلىكنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئىگىلىك ۋە بۇ يەر ـ زېمىنىنىڭ بېشىغا بالا كەلدى.

— سەن مېنىڭ قىزىقسىنىش ھېسسىياتىمنى كەچۈر! جانابىي ئەپەندى، سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ يېڭى پەلسەپەڭ بويىچە قانداق تىرىكچىلىك قىلماقچىسەن؟

— ھامان بىر كۈنى، باشقا قېرىنداشلار، گەرچە ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئاقسۆڭەك بولغان تەقدىردىمۇ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان

ئىشنى، يەنى خىزمەتنى مەنمۇ قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىمەن.

— مەسىلەن، ئەنگلىيىدىمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ دۆلەتتە، ماركىز تاغا، جەمەتىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ. باشقا دۆلەتتە جەمەتىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇلغانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ دۆلەتتە مەن بۇ فامىلىنى ئىشلەتمەيمەن.

قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن، ياندىكى ياتاققا شام يېقىلدى. بۇ چاغدا ئۆي يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شام يورۇقى ئىشىكتىن چۈشۈپ تۇراتتى. ماركىز ئۇ تەرەپكە قاراپ، خىزمەتكارنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالدى.

— گەرچە ئۇ يەردىكى ئىشلىرىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەنگلىيە سېنى يەنىلا ناھايىتى جەلپ قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ؟ — ئۇ شۇنداق دېگەچ، خاتىرجەم ھالدا جىيەنىگە بۇرۇلدى.

— ھېلى ئېيتتىمغۇ، ئۇ يەردىكى ئىشلىرىم ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك، شۇنىسى ماڭا ئايانكى، تاغا، بەلكىم سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەكتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەر مەن ئۈچۈن بىر پاناھ جاي.

— ئۇلار، ھاكاۋۇر ئىنگلىزلار ئۇ يەرنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پاناھلىنىش جايى دەيدۇ. سەن ئۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان بىر ۋەتەندىشىمىزنى، بىر دوختۇرنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن.

— يەنە بىر قىزىمۇ بار؟

— شۇنداق.

— شۇنداق، ھېرىپ كەتتىڭ، خوش، ياخشى ئۇخلا

— دېدى ماركىز.

ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ھەرىكەت بىلەن بېشىنى ئېگىپ، خوش دېگەن چاغدا، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدا سىرلىق بىر ھالەت ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ سۆزىمۇ ناھايىتى سىرلىق ھەم ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، ھەم نېرۋىسىغا تېگىدىغان سۆز ئىدى، ئۇ ئۇنىڭ جىيەنىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

— شۇنداق، بىر قىزى بار دوختۇر، شۇنداق. ئۇ يېڭى ھاياتلىق پەلسەپىسىگە ئەمەل قىلىشقا كىرىشكەن. سەن ھېرىپ قالدىڭ. خوش، ياخشى چۈش كۆر!

ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى سوراش بەئەينى بۇ قورغان سىرتىدىكى تاش ھەيكەللەردىن بىرەر ئىشنى سورىغاندىلا ئوخشايتتى. جىيەنى ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا،

ماركىزنىڭ سوئالى جاۋابسىز قېلىپ، قورۇق ئاۋارە بولۇپ قاراپ قالدى.

— خوش، ياخشى چۈش كۆر! ئەتە ئەتىگەن سىنىڭ بىلەن يەنە خۇشاللىق ئىچىدە كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ياخشى دەم ئال! — دېدى تاغىسى، — شام تۇتۇپ بەگزادىنى خانىسىغا ئەكىرىپ قوي. ئەگەر خالىساڭ، ئۇنى كارىۋىتى ئۈستىدىلا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەت! — دېدى يەنە ئۆز - ئۆزىگە. ئاندىن يەنە قوڭغۇراقنى چېلىپ، خىزمەتكارنى ئۆزىنىڭ خانىسىغا چاقىردى.

خىزمەتكار كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ماركىز كەڭ، ئازادە ئۇخلاش كىيىمى بىلەن خانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، بۇ تىنچىق، تىنچ ئاخشامدا ئۇخلاش تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئۇندىمەستىن يۈرەتتى.

ئۇ بۇ ھەشەمەتلىك خانىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، بىردىنلا خىيالىغا كىرىۋالغان سەپەر ئۈستىدىكى ئىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدى؛ كۈن ئولتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئاتلارنىڭ پەيتۇننى كۈچەپ تارتىپ ئاستا - ئاستا داۋانغا چىقىشى، كۈن ئولتۇرغاندا پەيتۇننىڭ دا-

ۋاندىن چۇشۇشى، تۇگمەن، قىيا ئۇستىدىكى تۇرمە، جىلغىدىكى كەنت، بۇلاق بېشىدىكى دېھقانلار، كۆك قالپىقى بىلەن پەيتۇننىڭ تورمۇز زەنجىرىنى كۆرسەتكەن يول ئاسراش ئىشچىسى. ھېلىقى بۇلاق ئۇنىڭ ئېسىگە پارىژدىكى بۇلاقنى بۇلاق پەلەمپىيىدە تۇرغان يۈگەكنى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاياللارنى، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۆلدى» دەپ ۋارقىرىغان ئېگىز بويلۇق ئەرنى ئېسىگە سالدى.

— ئەمدى كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، ئۇخلاي! — دېدى ماركىز.

ئۇ ئوچاق بېشىدىكى شامنىلا قالدۇرۇپ، نېپىز تور پەردىنى چۇشۇردى. ئۇ تىنچلىنىپ ئۇخلاشقا ياتقاندا، زۇلمەتلىك كېچە ھەسرەت بىلەن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

تاڭ يورۇپ كېلىۋاتاتتى؛ قۇياش نۇرى ئاخىر جىمجىت تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنى سۆيدى. شەپەق نۇرى تاغلارغا چېچىلدى. شەپەق نۇرىدا قەلئە ئىچىدىكى بۇلاق سۇيى قان رەڭگىگە كىردى، تاش ھەيكەلمۇ قىپقىزىل رەڭ ئالدى.

ھېلىقى چارباش بولۇپ كەتكەن يول ئاسراش ئىشچىسى

كەنت سىرتىدىكى تاغ ئۈستىدە ئۆز ئىشىنى باشلىدى. ئۇ چۇشلۇك تامىقىنى بولاقتا ئوراپ بىر دۆۋە تاش ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئەمما، بۇ تاماق قاغىنىڭ بىر-نەچچىنى چوقۇلىشىغىمۇ پايلىمايتتى. ئۇ نېمىشقا مۇنداق جىددىيلىشىدۇ؟ بىرنەچچە تال داننى چوقۇلاپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە يىراققا ئۇچقان كىچىك قۇش تاسا-دىپىي ھالدا ئاغزىدىن بىرەر تال داننى چۈشۈرۈپ قويۇ-غانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ بىرەر تالنى تاشلى-ۋەتتىمۇ ـ نېمە؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ كۈنكى تىنچىق ئەتىگەندە ھېلىقى يول ئاسراش ئىشچىسى خۇددى جىنىنى ئەپقاچقاندەك، ئۈستۈبشى تو-پا ـ چاڭ ھالدا يۈگۈرۈپ بۇلاق بېشىغا كەلگەندىلا توخ-تىدى.

پۈتۈن كەنتتىكىلەر بۇلاق بېشىغا توپلانغان. ئۇ يەردە پىچىرلىشىپ، غەمكىن ھالدا تۇرۇشاتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ چىرايىدا سۆرۈن ھالدىكى قىزقىسىنىش، ھەيرانلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. بىرسى ئالدىراش بىرنەچچە كالىنى يېتىلەپ كېلىپ، باغلاشقا بولىدىغانلىكى نەرسىگە باغلىدى. ئۇ كالىلار ياكى ھاڭ-ۋاققان ھالدا قارىشاتتى، ياكى قورسىقىدىكى ئەرزىمەس يەملىرىنى كۆشىشەتتى، ئۇ، دالىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ

توختىغاندا ئىختىيارىيچە يېگەن چۆپلەر ئىدى. قەلئەدىكى بەزى كىشىلەر، ئۆتەڭدىكى بەزى كىشىلەر ھەمدە بارلىق باجگىرلار ھەممىسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر قورال ئىپلىشۋالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش بولمىسىمۇ خۇددى بىرەر ئىش بولغاندەك مەقسەتسىز ھالدا بۇ كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا توپلانغانىدى. بۇ بىرەرنەرسىدىن بېشارەتمۇ ـ قانداق؟

بۇ قەلئەدە يەنە بىر تاش ھەيكەلنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى گورگۇن بۇ قەلئەنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاشۇ كەم ھەيكەلنى تولۇقلىغانىدى. بۇ قەلئە بۇ ھەيكەلنى 200 يىلدىن بۇيان كۈتتۈۋاتاتتى.

بۇ تاش ھەيكەل ماركىز بېگىمنىڭ ياستۇقىنىڭ ئۈستىگە ئوڭدىسىغا قويۇلغانىدى. ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتكەن، غەزەپ ئىچىدە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن نەپەس نىقابقا ئوخشايتتى. بىر خەنجەر بۇ ھەيكەلنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر سانجىلغان، خەنجەرنىڭ سېپىغا پۇرلىشىپ كەتكەن بىر قەغەز قىستۇرۇلغان، ئۈستىگە ئىرماش ـ چىرماش قىلىپ:

— ئۇنى دەرھال جەھەننەمگە ئۇزىتىڭلار، ياك، — دەپ يېزىلغان ئىدى.

# ئىككى ئەرنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى

فرانسىيىلىك ماركىز ئۆلۈپ 12 ئايدىن كېيىن، چارلېز دانىي لوندوندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ لوندونغا ماڭغان چاغدىلا، ئۆزىنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا تايانغاندىلا، ئاندىن ھاياتلىق يولىنى تاپالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھازىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، شۇنداقلا يەنە مۇھەببەت دەرياسىغا موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ جىنايى ئىشلار سوتىدا خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چاغدىلا، لۇسى مامېنت خانىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەزەلدىن لۇسىينىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق، تاتلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان. دىكى كىتابنى قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دانىيغا قول ئۇزاتتى.

— چارلېز دانىي، سىزنى كۆرگىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بۇيان بىز سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراۋاتاتتۇق. ستىرايۋېر ئەپەندى ۋە سېدنىي كاردىن ئەپەندى تۈنۈگۈن كېلىپ كەتتى، ئۇلار سىزنى بۇرۇنلا كېلىشى كېرەك ئىدى، دېيىشتى.

—ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگىنىگە رەھمەت، —

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇلارغا بولغان سوغۇقلۇق، مامېنت دوختۇرغا بولغان قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، — ما-مېنت خانقىز.....

— ئۇ ناھايىتى ياخشى، — دېدى دوختۇر دانىي بىردىنلا سۆزىدىن توختىۋالغاندىن كېيىن، — سىز كېلىپ بىز ھەممىمىزنى بەك خۇشال قىلىۋەتتىڭىز. لۇسى ئازراق بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، بىردەمدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىدۇ.

— مامېنت دوختۇر، — مەن ئۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقى-نى بىلىمەن. ئۇ ئۆيدە يوق ۋاقتىدا مەن سىز بىلەن سۆزلىشىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئارىنى بىردەملىك سۈكۈت قاپلىدى.

— سۆزلەۋېرىڭ! — دېدى دوختۇر زورىغا، — ئورۇن-دۇقىڭىزنى بۇياققىراق تارتىڭ، ھە، سۆزلەڭ!

ئورۇندۇق دېگەن بويىچە تارتىلدى، ئەمما، دانىي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدىغان-لىقىنى ھېس قىلدى.

— بىر يېرىم يىلدىن بۇيان، مامېنت دوختۇر، مېنىڭ سىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى يېقىن بولدى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال، — ئۇ ئاخىر سۆزىنى باشلىدى، — شۇڭا، مېنىڭ ئارزۇيۇم....

دوختۇر قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

ئەمما، ئۇ قولىنى بىردەم كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يەنە چۈشۈرۈۋالدى.

لۇسي توغرىسىدا بىرنېمە دېمەكچىمۇ؟

— ھەئە!

— مەيلى قانداق چاغدا بولمىسۇن، مەندىن لۇسي ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشنى تەلەپ قىلىشىڭىز ناھايىتى قىيىن. بولۇپمۇ ھېلىقىدەك تەلەپپۇز بىلەن لۇسي توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىشىمنى تەلەپ قىلىشىڭىز تېخىمۇ تەس، چارلېز دانىي.

— ئۇ قىزغىن ھېسسىيات، سەمىمىي ھۆرمەت ۋە چوڭقۇر سۆيگۈنىڭ ئىپادىسى مامېنت دوختۇر.

ئارىنى يەنە بىردەملىك سۈكۈت باستى، ئاندىن قىزنىڭ دادىسى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن شۇنداقلىقىغا ئىشىنىمەن. لىللا گەپنى قىلسام، مەن شۇنداقلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۇنىڭ زورىغا شۇنداق دەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوختۇرنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەشنى خالىمىغانلىقىمۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. بۇ، چارلېز دانىينى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

— سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرسام بولامدۇ، دوختۇر؟

ئارىنى يەنە بىردەملىك سۈكۈت قاپلىدى.

— سۆزلەڭ!

— مېنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىمنى پەملىگەن

بولسىڭىزمۇ، ئەمما، مېنىڭ قەلبىمدىكى سىرلارنى بىلمىسىڭىز، قەلبىمدىكى تولۇپ تاشقان ئۈمىدلىرىمـ.نى، ئەندىشە ۋە غەملىرىمنى بىلمىسىڭىز، مېنىڭ بۇ ئىشتا قانچىلىك سەمىمىي ئىكەنلىكىمنى، قەلبىمنىڭ قانچىلىك سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسىز. ھۆرـ.مەتلىك مامېنت دوختۇر، مەن قىزىڭىزنى شۇنچىلىك چوڭقۇر ھېسسىيات، سەمىمىي نىيەت، شەخسىيەتسىزـ.لىك ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىمەنكى، بۇ دۇنيادا ھاياتلىق ۋە مۇھەببەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مەن ئۇنى سۆيىمەن. سىزمۇ باشقىلارنى سۆيگەن، سىزنىڭ ئىلگىـ.رىكى مۇھەببىتىڭىزنىڭ مەن ئۈچۈن سۆزلىشىنى ئۈـ.مىد قىلىمەن.

دوختۇر بۇرۇلۇپ، ئىككى كۆزىنى پولغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دانىينىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ياق، ئەپەندى! ئۇنى تىلغا ئالماڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، ئۇنى مېنىڭ ئېسىمگە سالماڭ!

دوختۇرنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن بىر دەردمەنىنىڭ ئاۋاـ.زىغا ئوخشايتتى، دانىي ئۇنى شۇنداق دەپ چۈشەندى، شۇڭا، ئۇندىمەي جىم بولدى.

— كەچۈرۈڭ! — دېدى دوختۇر بىردەمدىن كېيىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مەن سىزنىڭ لۇسىينى ياخشى كۆـ.رىدىغانلىقىڭىزدىن گۇمانلانمايمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ!

دوختۇر دانىيغا بۇرۇلدى، ئەمما ئۇنىڭغا قارىمىدى، بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى. ئۇنىڭ ئىككى قولىغا تېگىپ تۇراتتى، ئاق چاچلىرى يۈزىنى يېپىۋالغانىدى.

— سىز لۇسىي بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق.

— خەتمۇ يېزىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ئەزەلدىن يېزىپ باقمىدىم.

— سىزنىڭ مۇنداق ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىزنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ هالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولۇۋالسام، بەلكىم كەڭ قورساقلىق بولماي قالار. سىزگە رەهمەت!

دوختۇر قولىنى ئۇزاتتى، ئەمما بېشىنى كۆتۈرمىدى.

— مەن بۇنى بىلمەن، — دېدى دانىي ئەدەپ بىلەن، — مامېنت دوختۇر، مەن سىلەرنىڭ هەر كۈنى بىللە ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىمەن، نېمىشقا بىلمەي؟! سىزنىڭ لۇسىي خانقىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ، كىشىنى بەك تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن مۇھىتقا مەنسۇپ، ئاتا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەت هەرقانچە چوڭقۇر بولسىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ.

مەن بۇنى بىلىمەن، مامېنت دوختۇر، نېمىشقا بىلمەي؟!
لۇسى خانقىزنىڭ قەلبىدە بالاغەتكە يەتكەن بىر قىزنىڭ
سىزگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ۋاپادارلىقى ھەم ئۇنىڭ
بالىلىق دەۋرىدىكى سىزگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىد-
شەنچىسى ئورۇن ئالغان. مەن ئۇنىڭ كىچىك چېغىدا
دادا مېھرىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا، ئۇ
ھازىرقى يېشى ۋە پەزىلىتى ئاتا قىلغان سەممىمىي-
سادىقلىق ۋە قىزغىنلىقى، بالا ۋاقتىدا سىزدىن ئايرى-
لىپ قالغاندىكى ئىشەنچى ۋە سېغىنىشى بىلەن سىزگە
ئۆز ۋاپادارلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆرسىتىۋاتىدۇ.
ناۋادا سىز ئۇ دۇنيادىن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن
تەقدىرىڭىزدىمۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ھازىرقىدەك ھەر ۋاقىت
ھەمنەپەس بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزدىن تېخىمۇ مۇقەد-
دەس ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەن ئۇنىڭ بوي-
نىڭىزنى قۇچاقلىغان قوللىرىنىڭ بىر بوۋاق، بىر قىز،
بىر ئايالنىڭ بىر تەنگە ئايلانغان قوللىرى ئىكەنلىكىنى
بىلىمەن. مەن ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ
يېشى ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى ئانىسىغا بولغان مۇ-
ھەببەت، يېشى مەن بىلەن تەڭ چاغدىكى دادىسىغا بول-
غان مۇھەببەت، دەردمەن ئانىسىغا بولغان مۇھەببەت،
قىيىنچىلىق، ئازاب - ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتىپ، بەخ-
تىگە يارىشا ئامان قالغان دادىسىغا بولغان مۇھەببەت
ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن ئۆيۈڭلاردا سىلەر بىلەن

تونۇشقاندىن بۇيان ھەر ۋاقىت بۇنى ئېسىمدە تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن.

مامېنت دوختۇر ئۇندىمەي، بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نەپىسى تېزلەشكەن، ئەمما، ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىپ، ئۇنى بىلىندۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى سەل تېزلەشتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى بېسىپ، ھاياجىنىنى بىلىندۈرمەيۋاتاتتى.

— سۆيۈملۈك مامېنت دوختۇر، مەن بۇ نۇقتىنى بىلىمەن، شۇنداقلا يەنە سىز ۋە لۇسىي خانقىزنىڭ پاكلىق نۇرىنىڭ چاقناپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمەن، شۇڭا، مەن ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدە ئۆزۈمنى تۇتۇپ كەلدىم. مەن شۇنى ھېس قىلدىم ھەمدە ھازىرمۇ ھېس قىلىۋاتىمەنكى، بۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش مېنىڭ مۇھەببىتىمنى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۆزىدەك ئۇنداق گۈزەل بولمىغان ئىشلار ئارقىلىق ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى. مەن ئۇنى سۆيىمەن، تەڭرى گۇۋاھ بولسۇن، مەن ئۇنى سۆيىمەن.

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى لۇسىينىڭ دادىسى ھەسرەت بىلەن، — ئىلگىرى مەنمۇ شۇنداق قارىغان.

— مەن سىزنىڭ مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىدۇ دەپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى دانىي، —

دانىيىنىڭ ھەسىرەتلىك تەلەپپۇزى مامېنت دوختۇرغا خۇددى دانىي ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى، — ئەگەر تەقدىر ـ پېشانەمگە ئۇ پۇتۇلۇپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تە-لىيىمگە ئۇنى ئىكاھىمغا ئالالىسام، مېنى ھەر ۋاقىت جەزمەن ئۇنى سىزنىڭ قېشىڭىزدىن ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. مەن ھېلى دېگەن گېپىمنى يەنە تەكرارلايمەن. مەن ئۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، شۇنداقلا رەزىللىك بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەگەر بۇ ئىش خىيالىمدىن كەتمىسە، ئۇنى كۆڭلۈمدە يوشۇرۇپ يۈرسەم، ھەتتا ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ھەتتا ئاشۇنداق ئوي تۇغۇلغان بولسىمۇ ياكى ئاشۇنداق ئوينىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنداقتا مەن بۇ ھۆرمەتلىك قولنى تۇتماسلىقىم كېرەك.

دانىي ئاشۇنداق دەۋېتىپ، قولىنى دوختۇرنىڭ قو-لىغا قويدى.

— ئۇنداق قىلمايمەن، سۆيۈملۈك مامېنت دوختۇر. خۇددى سىزگە ئوخشاش مەنمۇ فرانسىيەدىن چىقىپ كېتىپ، چەت ئەلدە يۈرۈۋاتىمەن. ھەممە يەردە غالجىر-لىق، زۇلۇم ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاچقا، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، سىزگە ئوخشاشلا مەنمۇ چەت ئەلدە ئۆزۈمنىڭ

تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلدىم، ئۇمە-
دىمنى بەختلىك كېلەچەككە باغلىدىم. مەن سىز بىلەن
تەقدىرداش بولۇشنى، ئائىلە خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرى-
مەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە مەڭگۈ سادىق
بولىمەن، ئۆلگۈچە نىيىتىمدىن يانمايمەن. بۇنىڭدا ھەر-
گىزمۇ لۇسىنىڭ سىزنىڭ قىزىڭىز، ھەمراھىڭىز ۋە
دوستىڭىز بولۇشتەك مۇقەددەس ھوقۇقىدىن تەڭ بەھ-
رىمەن بولۇشنى ئەمەس، بەلكى قولۇمدىن كېلىشىچە
ياردەم بېرىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ مۇناسىۋەتنى
تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىمەن.

— سىزنىڭ سۆزىڭىز بىر ھەقىقىي ئەركەكنىڭ
سۆزىدەك تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن قىلىنغان
سۆز بولدى چارلېز دانىي، سىزگە چىن قەلبىمدىن
رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا سىزگە بىر چىن سۆزۈمنى
ئېيتايكى، لۇسىنىڭ سىزنى سۆيىدىغانلىقىغا قانداق ئا-
ساسىڭىز بار؟

— يوق، ھازىرغىچە تېخى يوق.

— بۇ قېتىمقى سىردىشىڭىزنىڭ بىۋاستە مەق-
سىتى مەن بىلىدىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ نۇقتىنى
دەرھال بېكىتىشمۇ — قانداق؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. يەنە بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىمۇ
بەلكىم بۇنى ئېنىق بېكىتكىلى بولماس، ئەمما ئەتىلا بۇ

ئىشتا ئېھتىمال ئۈمىد پەيدا بولۇشى مۇمكىن.
— مەندىن بىرەر كۆرسەتمىگە ئېرىشىش خىيالـ.
ىڭىز بارمۇ؟
— ياق، ئەپەندىم. بىراق مەن مۇۋاپىق دەپ قارىسـ.
ىڭىز، سىزنى ئېھتىمال ماڭا كۆرسەتمە بېرىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. بۇنى سىز ئۆزىڭىز قارار قىلىشىڭىز كېرەك.
— مەندىن بىرەر ۋەدىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلامـ.
سىز؟
— شۇنداق.
— قانداق ۋەدە؟
— ماڭا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر سىز بولمىغىنىڭىزدا، مېنىڭ مۇنداق ئۈمىدتە بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا شۇ دەقىقىدە مامېىنت خانقىزنىڭ ئاشۇ غۇبارسىز، پاك قەلبىدە مەن بولغان تەقدىردىمۇ — مېنى ئۇنداق تەلۋىلەرچە، مەستانىلەرچە ئويلاردا بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇنى سىزگە بولغان مۇھەببەتكە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە مېنىڭ ئورنۇمنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىمەن.
— شۇنداقمۇ بولسۇن، سىز ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە باشقا ئىشلارنىڭ بارلىقىنى سەزدىڭىزمۇ؟
—مەن سىزنىڭ قىزىڭىزغا نىكاھ تەلىپىنى قويغۇچى

ھەرقانداق بىر كىشى توغرىسىدا قىلغان سۆزىڭىز ئۇ-نىڭ ئۆزى ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ سۆ-زىدىن مۇھىم، سالماقلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بى-لىمەن. شۇڭا، مامېنت دوختۇر، — دانىي كەمتەرلىك، ئەمما قەتئىيلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بە-رەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشىڭىزنى تەلەپ قىلماي-مەن.

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، چارلېز دانىي سىر-لىقلىق ھەم يىراقلىشىشتىن، ھەم ئىناق مۇھەببەتتىن كېلىپ چىقىدۇ. كېيىنكى سىرلىقلىقنى ئاسان كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ناھايىتى نازۇك بولىدۇ، مېنىڭ قىزىم لۇسېمۇ ماڭا ئاشۇنداق سىرلىق، مەن ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم.

— سىز ئۇنىڭ.......

دانىي ئىككىلەنگەن ھالدا سورىدى، مامېنت دوختۇر بۇ سوئالنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش تەلىپىنى قويغۇچى يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بار دېمەكچىمۇسىز؟

— ھەئە، دەل شۇنداق دېمەكچى.

قىزنىڭ دادىسى سەل ئويلىنىۋېلىپ ئاندىن جاۋاب بەردى:

پەندى تەكرارلاپ، — فرانسىيىگە بېرىشنى سۆزلەشكەندە، سۆيۈملۈك ئايالىڭىزنىمۇ كۆزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك. سىز بارسىڭىز بولمايدۇ، سىز بۇ يەردە ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشىڭىز كېرەك.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن بارماي. ئەمما سىز بارىمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز، مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن.

دەل شۇ چاغدا، بانكىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كونۋېرتنى ئېلىپ كەتكەن، ئەمما ئاغزى ئېچىلمىغان بىر كونۋېرتنى لائورى ئەپەندىنىڭ ئۈستىلىگە قويدى. دانى شۇ پەيتتە كونۋېرتتىكى ئىسىمنى كۆرۈپ قالدى.

كونۋېرتقا: لوندون، تېلسىن بانكىسى، ماركىز ئېفرىموندقا تېگىدۇ دەپ يېزىلغانىدى. دانىنىڭ تاغىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىسىم دانىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ لۇسى بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن كۈنى بۇ ئەھۋالنى مامېنت دوختۇرغا ئېيتقان. دوختۇر ئۇنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇشقا ماقۇل بولغانىدى. شۇڭا، ھەتتا لۇسى بىلەن لائورى ئەپەندىمۇ بۇ ئىسمىنى بىلمەيتتى.

— بىز بۇ ماركىز جانابىنى تاپالمىدۇق، — دېدى ئۇ خىزمەتچى.

— مەن ئۇنى نەدىن تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى دانى، — بۇ خەتنى مەن يەتكۈزۈپ بەرسەم بولامدۇ؟

دى ئۆزۈڭىز ئېيتقاندەك پاك، سەممىمىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. سىزنىڭ نىيىتىڭىزنىڭ مېنىڭ ھاياتلىق تومۇرۇم بولغان قىزىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ سىز بىلەن بىللە بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتسا، مەن ئۇنى سىزگە تاپشۇرىمەن، ئەگەر، چارلىز دانىي ئەگەر....

ياش يىگىت ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلەن دوختۇرنىڭ قولىنى سىقتى، ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىنى چىڭ سىقتى.

— تەسەۋۋۇردىكى بىرەر ئىش، — دېدى دوختۇر، — قانداقتۇر بىرەر سەۋەب، بىرەر ئەندىشە، قانداقتۇر بىرەر غەم ـ ئەندىشە ۋە كونا ئاداۋەت، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن كىشىگە توسالغۇ بولىدىغان بولسا، بۇنىڭغا ئۇ ئەر جاۋابكار بولماسلىقى كېرەك، لۇسى مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، جاپا ـ مۇشەققەت تارتقىنىم، ناھەق ئۇۋالىقا قالغىنىمدىنمۇ مۇھىم، ھەممىدىن مۇھىم، بولدىلا! بۇلار ھەممىسى بىمەنە گەپلەر!

مامېنت دوختۇر ئاستا ـ ئاستا غەلىتە سۈكۈت ئىچىگە چۆشۈپ قالدى.

— ھېلى ماڭا نېمە دەۋاتاتتىڭىز؟ — دېدى مامېنت

دوختۇر تۇيۇقسىز كۇلۇمسىرەپ، — ھېلى ماڭا نېمە دېگەن ئىدىڭىز؟

چارلېز دانىي نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى، كېيىن شەرت ئۇستىدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ يەنە بايىقى سۆزگە قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يېنىك بىر نەپەس ئالدى:

— سىز ماڭا ئىشەنگەن ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزگە تولۇق ئىشىنىشىم كېرەك. مېنىڭ ھازىرقى ئىسىم - فامىلەم ئانامنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئازراقلا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي ئىسىم - فامىلەم ئەمەس، بۇ سىزنىڭ ئېسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن. مەن سىزگە ھەقىقىي ئىسىم - فامىلەم ۋە ئەنگلىيىگە كېلىشىمدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

— بولدى، ئېيتمايلا قويۇڭ!

— شۇنداق قىلسام ئىشەنچىڭىزگە تېخىمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن، سىزدىن ھېچنېمىنى سىر تۇتماسلىقنى خالايمەن.

— بولدى، سۆزلىمەڭ!

دوختۇر بىردەم قولى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالسا، بىردەم دانىينىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالاتتى.

— مەن سىزنىڭ ھازىر ئەمەس، بەلكى مەن تەلەپ

قىلغان چاغدا دېيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر سىزنىڭ نىكاھلىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسا، ئەگەر لۇسې سىزنى سۆيىدىغان بولسا، سىلەر توي قىلماقچى بولغان كۈنى ئەتىگەنلىكى ماڭا دېسىڭىز بولىدۇ، بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

— قوشۇلىمەن.

— ئەمىسە قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. لۇسې قايتىپ كېلەي دەپ قالدى، بۈگۈن ئاخشام ئەڭ ياخشىسى ئۇ بىز ئىككىمىزنىڭ بىللە ئولتۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن. شۇڭا قايتىپ كېتىڭ، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

چارلېز دانىي دوختۇرنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتكەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئارىدىن يەنە بىر سائەت ئۆتۈپ، كېچە تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقاندا لۇسې ئاتىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھېلىقى خانىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، پلوس خانىقىز ئۇدۇل ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەنىدى. لۇسې دادىسىنىڭ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— دادا! سۆيۈملۈك دادا! — دەپ چاقىردى ئۇ.

جاۋاب چىقمىدى، ئەمما، ئۇ دادىسىنىڭ ياتىقىدىن ئاڭلىنىۋاتقان يېنىك بولقا ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ يېنىك

قەدەملەر بىلەن دادىسىنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ خانىغا قارىدى ـ دە، قورقىنىدىن دەرھال قايتىپ كەلـ ـدى. ئۇ قورقىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:

— قانداق قىلسام بولار؟ زادى قانداق قىلسام بوـ لار؟ — دېدى.

ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئىتتىك ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى چېكىپ پەس ئاۋاز بىلەن دادىسىنى چاقىردى. ئۇنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بولقا ئاۋازى توختىدى. دادىسى دەرھال ياتىقىدىن چىقتى، ئۇلار ئىككىسى ئۇياقتىن ـ بۇياققا خېلى ئۇزۇن ماڭدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى دادىسى ئۇخلاپ قالغاندا، لۇسي ئىككىنچى قەۋەتتىن پەسكە چۈشۈپ دادىسىغا قاراپ باقتى. دادىسى ناھايىتى شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر ساندۇق موزدۇزلۇق سايمانلىرى، ئۇ تېخى تىكىپ پۈتـ كۈزمىگەن ئاياغ ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز جايىدا تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋە ياكى ئەتىگەنلىكى سترايۋېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ دوستىغا:

— سېدنىي، يەنە بىر كومزەك ئەبجەش هاراق تەيـ يارلايلى، سىز بىلەن بىر ئىشنى سۆزلىشىمەن، — دېـ ـدى.

سېدنىينىڭ روھىي كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس،

خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە قاتتىق بەرھەم يېگەنىدى.

— ئەبجەش هاراق تەييارلاۋاتامسىز؟ ـ دېدى سېمىز ستىرايۋېر.

— ھەئە، تەييارلاۋاتىمەن!

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ! سىزگە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئاڭلىسىڭىز چۆچۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، ئېھتىمال سىز مېنى ئادەتتە ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەس دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. مەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەرگىز پۇل ئۈچۈن ئەمەس، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— كۆپ سۆزلىگۈم يوق، ئۇ قىز كىم؟

— قىياس قىلىپ بېقىڭە؟

— مەن ئۇنى تونۇمدىمەن؟

— قىياس قىلىپ بېقىڭ.

— هازىر ئەتىگەن سائەت بەش بولۇپ قالدى، كاللام قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ كېتىۋاتىدۇ، هازىر كاللا قاتۇرغۇچىلىك هالىم يوق. ئەگەر قەتئىي تاپ دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، مېنى چوقۇم چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىشىڭىز كېرەك.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىزگە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى سترايۋېر، ـ سېدنىي، مەن سىزگە مەقسىتىمنى ئۇقتۇ-رالمىغۇدەكمەن، سىز تازا زېرەك ئەمەس ئىكەنسىز.

— سىز، — دېدى سېدنىي ھاراق تەڭشىگەچ جاۋاب بېرىپ، — بەك زېرەك ھەم شېئىرىي تۇيغۇغا باي ـ ھە!

— گېپىمنى ئاڭلاڭ! — دېدى سترايۋېر مەنمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — گەرچە ئۆزۈمنى ئىش-قىۋاز رىتسار دەپ ھېسابلىمىسامىمۇ، ئەمما مەن سىزدىن مۇلايىم، ئەدەپلىك.

— ئەگەر شۇنداق دېمەكچى بولسىڭىز، سىز ماڭا قارىغاندا تەلەيلىك ئىكەنسىز ـ دە.

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەن تېخىمۇ......

— ئېھتىمال سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىزغىنلىقىنى دېمەكچىسىزغۇ، ھە قېنى سۆزلەڭ! — دېدى كاردىن ئەسكەرتىپ.

— ھەئە، قىزغىنلىق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەن، — دېدى سترايۋېر ھاراق تەڭشەۋاتقان دوستىغا قا-راپ ماختىنىپ، — ئاياللار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، مەن سىزگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىمەن، تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تېخىمۇ ماھىر مەن.

— ھە، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى سىبدنىي.

— ئالدىرىماڭ، ئالدى بىلەن سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار، — دېدى سترايۋېر ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بې-شىنى چايقاپ، — سىزگە ئۇدۇللا دەۋېرەي، سىزمۇ ماڭا ئوخشاشلا دائىم مامېنىت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇ-رىسىز، ئېھتىمال مەندىن كۆپرەك بارغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھەي، ئۇ يەرگە بارسىڭىز ھەمىشە غەمدىن باش كۆتۈرمەي خاپا ئولتۇرىسىز، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق خى-جىل بولىمەن. ئۇنداق ئۇندىمەي، خاپا ھالدا تۇگۈلۈق بىلەن ئولتۇرسىڭىز، مەن ھەقىقەتەن بەك خىجىل بو-لىمەن، سىبدنىي.

— ئادۋوكاتلىق قىلىدىغان ئادەم يەنە قانداق ئىشتىن خىجىل بولىدۇ، مېنىڭ بۇ تۇرقۇم سىزدەك ئادەملەرگە كۆپ پايدىلىق، سىز ماڭا كۆپ رەھمەت ئېيتىشىڭىز كېرەك، — دېدى سىدنىي.

— سىز ئۆزىڭىزنى قاچۇرماقچىمۇ، قاچۇرالمايد-سىز، — دېدى سترايۋېر ئۆزىنى بىرخىل مەردانە قىيا-پەتتە كۆرسەتكەن ھالدا رەددىيە بېرىپ، — ئۆزىڭىزنى قاچۇرالمايسىز، سىبدنىي، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم باركى، سىزگە ياخشى بولسۇن دەپ يۈزتۇرانە ھالدا شۇنى دەپ قويااي دەۋاتىمەنكى، سىزنىڭ ئاشۇ ئالاقە سورۇنلىرىدىكى ئىپادىڭىز بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن، ئادەمنى ھەقىقەتەن بىزار قىلىدۇ.

سېدنىي ئۆزىنى تەڭشىگەن ھاراقتىن بىر ئىستاكان ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلدى.

— ماڭا قاراڭ! — دېدى سترايۋېر كۆرەڭلىگەن ھالدا، — شەرت ـ شارائىتتىن ئالغاندا مەن باشقىلارغا ئۇنچە تايىنىپ كەتمەيمەن. ئەسلىدە مېنىڭ سىزگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ مەيلىنى ئۆزۈمگە تارتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما، مەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەنمەن؟

— مەن سىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم، — دېدى كاردىن غودۇڭشىپ.

— مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم ئاقىلانىلىك، مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلغانلىق، قاراڭ، مەن راۋاج تاپتىم، — دېدى سترايۋېر.

— ئەمما، سىزنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزدا ئىلگىرىلەش بولمىدى، — دېدى كاردىن پەرۋاسىزلىق بىلەن، — مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئۇدۇل ئېيتىشىڭىزنى، گەپنى ئەگىتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ماڭا كەلسەك، سىز تېخىچىلا چۈشەنمىدىڭىزمۇ، مەن بۇ مىجەزىمنى ئۆزگەرتەلەيمەنمۇ؟

كاردىن مەنسىتمەسلىك ھالىتى بىلەن سوئال قويدى.

— سىز ئۆزگەرتمىسىڭىز ئۆزگەرتەلمەيسىز -
— ئۇنىڭ دوستىنىڭ جاۋابى كىشىگە تەسەللىي بې-
رەلمەيتتى.

— ماڭا مەلۇم، مەن ئۆزگەرتمەيمەن، — دېدى كار-
دىن، — ئۇ خانقىز كىم؟

— ئەمىسە مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتسام خاپا بو-
لۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ. سىدنىي، — ستىرايۋېر
ئەپەندى ئەتەي دوستانىلىك بىلەن سىدنىينى ئۆزى ئاش-
كارىلىماقچى بولغان خەۋەرنى ئاڭلاشقا تەييارلىنىشقا
دەۋەت قىلدى، — سىز ئەزەلدىن دۇرۇس گەپلەرنى قىل-
مايسىز، قىلغان تەقدىردىمۇ مۇھىم بولمىغان گەپلەرنى
قىلىسىز. مېنىڭ ئالدى بىلەن ئازراق چۈشەندۈرۈش
بېرىشىمدىكى سەۋەب، سىز ئۇ خانقىزنى مەنسىتمىگەن.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ئىشخانىدا شۇنداق
دېگەن.

سىدنىي بىردەم ئۆزى تەييارلىغان هاراققا، بىردەم
كۆرەڭلىگىنىچە ئولتۇرغان دوستىغا قارىدى.

— سىز بۇ قىزنى تىلغا ئالغاندا ئۇنى سېرىق
چاچلىق قىز دېگەن ئىدىڭىز، ئۇ مامېنت خانقىز.

سىدنىي دوستىغا قارىغاچ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە
رومكا هاراق ئىچتى، ناهايىتى تېز ئىچتى.

— بۇ ئىشنىڭ هەممىسىنى ئۇقتىڭىز سىدنىي، —

دېدى ستىرايۋېر، — مەن مال ـ مۈلۈككە پەرۋا قىلمايـ
مەن. ئۇ كىشىنى مەيتۇن قىلىدىغان قىز. مەن تىنچ ـ
ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم، ئۇمۇ ـ
مەن، مەن ئۆزۈمنى مۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يۇ ـ
كىنى كۆتۈرەلەيمەن دەپ قارايمەن. ئۇ قىز مەندەك نا ـ
ھايىتى باي، ئورنى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، خېلى
نامى بار بىر ئەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر
ئامەت، ئۇ بۇ ئامەتكە ئېرىشىشكە لايىق. سىز بۇنىڭدىن
ھەيران قالدىڭىزمۇ؟

كاردىن يەنىلا ھاراق ئىچىۋاتاتتى.

— نېمىشقا ھەيران قالىدىكەنمەن؟ — دېدى ئۇ.

— سىز قوشۇلامسىز؟ — دېدى ستىرايۋېر.

كاردىن يەنىلا ھاراق ئىچكەچ، جاۋاب بەردى:

—نېمىشقا قوشۇلماي!

— ياخشى، — دېدى ئۇنىڭ دوستى، — ئويلىماپتىمـ
مەن، سىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنىلا ئۆزىڭىزنى بېسىۋا ـ
لالىدىڭىز، بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدىڭىز، مەن بىلەن
پۇل ـ مال ئۈستىدە ئۇنچىۋالا ئىنچىكە ھېساب ـ كىتاب
قىلىپ كەتمىدىڭىز. دېمەك، بۇ قېتىم سىز ئۆزىڭىز ـ
نىڭ كونا دوستىڭىزنىڭ ناھايىتى قەتئىي ئىرادىلىك بىر
كىشى ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن تولۇق چۈشەندىڭىز.
راست، سېدنىي، مەن مۇنداق زېرىكىشلىك، مەنىسىز
تۇرمۇشتىن جاق تويدۇم. مەن بىر ئەرنىڭ خالىغان

چاغدا بارالايدىغان بىر ئۆيىنىڭ بولۇشىنىڭ نەقەدەر خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇنداقلا يەنە مامېنت خانقىز ھەرقانداق ئورۇندا يەنىلا ئۆزىنىڭ جەز-بىدارلىقىنى نامايان قىلالايدۇ، ھەر ۋاقىت ماڭا شان-شەرەپ كەلتۈرەلەيدۇ دەپ قارايمەن. شۇڭا، مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. قەدىناس بۇرادىرىم، سېدنىي، مەن ھازىر سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز ئۈستىدە سۆزلەشمەكچىمەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەھۋالىڭىز ئىنتايىن يامان، ھەقىقەتەن بەك يامان. سىز پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلمەيسىز، تۇرمۇشىڭىز بەك جاپالىق ئۆتۈۋاتىدۇ. ھامان بىر كۈنى ھېرىپ ھالىڭىزدىن كېتىپ، غۇربەتچىلىك ۋە كېسەل-لىك دەردىنى تارتىسىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ھا-لىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىر ئادەم تېپىشىڭىز كېرەك.

ستىرايۋېرنىڭ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى ئۆزىنى روناق تاپقۇچىلارنىڭ ھىمايىچىسىدەك كۆرسەتكەن ئەلپازى سېدنىينىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەلپا-زىدىنمۇ يامان، سېدنىينىڭ ئىلگىرىكى مەنمەنلىكى ۋە ھاكاۋۇرلۇقىدىن تېخىمۇ يامان ئىدى.

— مەن سىزگە بىر نەسىھەت قىلاي، — دېدى ستى-رايۋېر، — بۇ مەسىلىگە توغرا قاراش كېرەك، مەن ئۆ-زۈمنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بۇ مەسىلىگە توغرا قاراي-مەن. سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بۇ مەسى-لىگە توغرا قارىشىڭىز كېرەك. توي قىلىپ، ئۆزىڭىز-

دەك ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم تېپىشىڭىز كېرەك. سىز ئايالىلار بىلەن ئارىلىششنى ياخشى كۆرمەيسىز. بۇ قائىدىلەرنى بىلمىسىڭىز، ئۆزئارا باردى ـ كەلدىلەرنى ئۇقمىسىڭىز ھېچ ۋەقەسى يوق. بىرەر ئادەم تېپىشىڭىز، ئانچە باي بولمىغان، يۈز ـ ئابرۇيلۇق بىرەر ئايالنى تې- پىپ توي قىلىپ، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرد- شىدىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك. مەيخانىنىڭ ئايال خو- جايىنى ياكى ئۆي ئىجارىگە بەرگۈچى ئايال خوجايىن بولسىمۇ بولىدۇ، مانا مۇشۇنداقلار سىزگە لايىق كېلىدۇ سېدنىي، ئويلىنىپ بېقىڭ.

— مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى سېدنىي.

ستىرايۋېر ئەپەندى بۇ ياخشى ئامەتنى سېخىيلىق بىلەن دوختۇرنىڭ قىزىغا تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كەلگەچكە، بۇ نۆۋەت يازلىق دەم ئېلىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ خۇشاللىقنى لۇسىي خانقىزغا ئېيتىش قا- رارىغا كەلدى.

ستىرايۋېر ئەپەندى ئاۋۋال تېلسىن بانكىسىغا بېرىپ، لائورىي ئەپەندىگە ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى ئېيتتى.

— مەن مەخسۇس سىزنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم لائورىي ئەپەندى، سىز بىلەن بىر خۇسۇسىي ئىش توغ- رىسىدا سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى ستىرايۋېر.

— ھە، شۇنداقمۇ؟! — دېدى لائورىي ئەپەندى، ئۇ ستىرايۋېرنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتسىمۇ، ئەمما

كۆزى يىراقتىكى «بانكا» غا تىكىلگەندى.

— مەن، — دېدى سترايۋېر ئەپەندى بىلەكلىرىنى ئىشەنچ بىلەن يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — مەن سىزنىڭ سۆيۈملۈك كىچىك دوستىڭىز مامېنت خانقىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويماقچىمەن. لائورىي ئەپەندى.

— نېمە! ياخاللا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى لائورىي ئەپەندى مېھمانغا قاراپ ئېڭەكلىرىنى سىلىغىنىچە گۇمانلانغان ھالدا.

— نېمە! ياخاللا دەمسىز ئەپەندىم؟! — دېدى سترايۋېر ئۈنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، — نېمىگە ياخاللا دەيسىز، ئەپەندىم؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز لائورىي ئەپەندىم؟

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنىڭ، — دېدى لائورىي ئەپەندى، — ئەلۋەتتە دوستانىلىك، قوشۇلۇش مەنىسى بار، ئۈنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش سىزگە كۆپ شان — شەرەپ كەلتۈرىدۇ، قىسقىسى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز نېمىگە ئېرىشىشنى خالىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەمما سترايۋېر ئەپەندى، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ ئىش ھەققەتەن... — لائورىي ئەپەندى گېپىنى توختىتىپ، غەلىتە بىر ھالدا سترايۋېرغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ خۇددى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقاندەك، ئىچىدە قوشۇمچە قىلدى:

— شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ھەقىقەتەن بەك چەكتىن ئېشىپ كېتىپسىز!

— بولدى! — دېدى ستىرايۋېر، — ئەگەر سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى چۈشەنگەن بولسام، لائورىي ئەپەندى، مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭ!

لائورىي ئەپەندى ئاران قۇلاقلىرىغىلا چۈشۈپ تۇرغان يالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ھەمدە ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قەلەمنىڭ پەيلىرىنى چىشلىدى.

— شورىڭىز قۇرۇسۇن، ئەپەندى! — دېدى ستىرايۋېر، — مېنىڭ شەرتىم توشماسمۇ؟

— ياۋاللا، توغرا، توغرا، ھە، توغرا، توشىدۇ، — دېدى لائورىي ئەپەندى، — سىز توشىدۇ دەپ قارىسىڭىز توشىدۇ.

— مەن بېيىمىدىممۇ؟ — دەپ سورىدى ستىرايۋېر.

— ھە! ئەگەر سىز بېيىغان بولسىڭىز، ئەلۋەتتە باي بولغان بولسىز، — دېدى لائورىي ئەپەندى.

— مەنسىپىم ئۆرلىدىمۇ؟ — دېدى ستىرايۋېر.

— ئەگەر مەنسىپىڭىز ئۆرلىگەن بولسا، ھېچكىم بۇنىڭدىن گۇمانلىنالمايدۇ، — دېدى لائورىي ئەپەندى.

— ئەمىسە، سىز زادى نېمە دېمەكچى، لائورىي ئەپەندى؟ — دېدى ستىرايۋېر، ئۇنىڭ سەل روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، ئىككىمىز ھازىرلا بارىمىز
— دەپ سورىدى لائورىي ئەپەندى.
— ھازىرلا بارىمىز! — دېدى سترايۋېر.
— ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام، مەن بارمايتتىم، — دېدى لائورىي ئەپەندى.
— نېمىشقا؟ — دېدى سترايۋېر، — سىز ئالدىمدا ئۆزىڭىزنى قاچۇرالمايسىز، سىز بىر ۋاستىچى، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار، قېنى سەۋەبىڭىزنى ئېيتىڭ، نېمىشقا بارمايسىز؟
— چۈنكى، — دېدى لائورىي ئەپەندى، — ئەگەر سىز ھېچقانداق بىر سەۋەبسىزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىشەنسىڭىز، مەن بۇنداق مەقسەتنى ھەرگىز قوغلاشمايمەن.
— شورىڭىز قۇرۇسۇن! — دېدى سترايۋېر ئەپەندى، — بۇ ھەقىقەتەن بىر غەلىتە ئىش.
— سىز مېنىڭ پىكرىمنى ئالماقچىغۇ، سترايۋېر ئەپەندى.
— ھەئە، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماقچىمەن!
—بولىدۇ، مانا مەن سىزگە پىكرىمنى بەردىمغۇ.
— بوپتۇ، مەن قوشۇلدۇم، — دېدى سترايۋېر، — ئەپەندى، ئۇ يەرگە بارمايمەن، بۇ ئىشتىن ئاشۇنداق نەتىجە چىقىش ئېھتىماللىقى بولسا، ئەمىسە مەنمۇ ئالدىرىمايمەن، مەن قوشۇلدۇم. كەچتە سىزنى كۈتىمەن،

خەير ـ خوش!

— گەرچە كاردىن ئەپەندى ھەمىشە مامېنت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما، ئۇ بارغاندا دائىم ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. 8 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئۇ بارغاندا، مامېنت دوختۇر سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى لۇسىي خانقىز كۈتۈۋالدى. لۇسىي كاردىن ئەپەندىنى كۆرگەندە ھەمىشە سەل خىجىل بولاتتى، بۈگۈن لۇسىي كاردىن ئەپەندىنىڭ چىرايىدىكى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ئىپادىلەرگە دىققەت قىلدى.

— ئانچە مىجەزىڭىز يوقمۇ ـ قانداق، كاردىن ئەپەندى؟

— شۇنداق، مامېنت خانقىز، مېنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇم سالامەتلىكىمگە پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ، مەندەك بىر سەرگەرداننىڭ تۇرمۇشىدىن نېمە ئۈمىد كۈتكىلى بولاتتى!

— ئەجەبا، كەچۈرۈڭ، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى دەۋېتىپ قالدىم، — تۇرمۇشىڭىز ياخشى بولمىسا، بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟

— ھەقىقەتەن شۇنداق، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

— ئەمىسە نېمىشقا بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتمەيسىز؟

لۇسىي كاردىنغا مېھىر بىلەن قاراپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى، كۆڭلىمۇ بەك ئازابلاندى. كاردىن جاۋاب قايتۇرغاندا ئاۋازى

يىغا ئارىلاش چىقتى:

— ئەمدى كىچىكتىم، ئۆزگەرتەلمەيمەن. مەن چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىم، تېخىمۇ يامان ئەھۋالغا قې-لىشىم مۇمكىن، — ئۇ بىر جەينىكىنى ئۈستەلگە قويۇپ، قولى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى، ئۇ قولىنى قويۇپ ئولتۇرغان ئۈستەل تىترەيتتى.

لۇسى ئەزەلدىن كاردىننىڭ مۇنداق ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى. كاردىن گەرچە لۇسىنىڭ چىرايىغا قارىمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا:

— كەچۈرۈڭ، مامىنت خانقىز، مېنىڭ سىزگە نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، شۇڭا، ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالدىم. سۆزۈمنى ئاڭلاشنى خالام-سىز؟

— ئەگەر ئۇ سۆزىڭىز ئۆزىڭىزگە پايدىلىق بولىدى-غانلا بولسا، سۆزلەۋېرىڭ. كاردىن ئەپەندىم، ئەگەر سىزنى خۇشال قىلالىسام ناھايىتى خۇشال بولغان بولاتتىم.

— كۆڭلىڭىز بەك ياخشىكەن، سىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

بىر پەستىن كېيىن كاردىن ئەپەندى تىنچلىنىپ:

— سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، قورقماڭ، مەيلى مەن نېملا

دېمەي ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، مەن خۇددى بەختكە قارشى ياش تۇرۇپلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم ئەمدى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

— ياق، كاردىن ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، كۈنلەر تېخى ئۇزۇن، مەن سىزنىڭ كۆپ نەتىجىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىڭىزغا، ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يەرگە قاراپ قالمايمەن دېگىنىم توغرۇك، مامېنت خانقىز، مەن ئۆز - ئۆزۈمنى بىلىمەن. مېنىڭ سىرلىق، بىچارە قەلبىم يەنىلا ئۆزىنى بىلىدۇ، مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

لۇسىينىڭ چىرايى تاتىرىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. كاردىن لۇسىينى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، جاھىللىق بىلەن ئۆزىگە بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى كۆرسەتتى، شۇ سەۋەبتىن، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش مۇمكىن بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق باشقا ئۇچرىشىشقا ئوخشىمايتتى.

— مامېنت خانقىز، سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى بۇ ئادەمنىڭ مۇھەببىتىگە جاۋاب قايتۇرغان تەقدىردە — كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەن،

ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن، ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىر زەئىپ بىچارە — ئۆز بەختىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ سىزنى بەختسىزلىككە ئۇچرىتىدۇ، سىزنى ئازابقا، پۇ-شايمانغا قويىدۇ، ياشلىق گۈلىڭىزنى خازان قىلىدۇ، سىزنى خورلۇققا ئۇچرىتىدۇ، سىزنى ئۆمۈر بويى ئۆزى بىلەن يەتكۈچە نامراتچىلىق ۋە غۇربەتچىلىكنىڭ دەردى-نى تارتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۆزۈمگە شۇ ئايانكى، سىزنىڭ ماڭا مۇھەببىتىڭىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئە-مەس. شۇڭا مەنمۇ ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيمەن، ھەتتا بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىمەن.

— سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بولمىسا، مەن سىزنى زادىلا قۇتقۇزۇپ قالالماسمەنمۇ كاردىن ئەپەندى؟ سىزنىڭ روھىڭىزنى كۆتۈرەلمەسمەنمۇ؟ توغرا يولغا ماڭسىڭىز، سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزگە جاۋاب قايتۇرال-ماسمەنمۇ؟ مانا بۇ ئىشەنچ! — لۇسي سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، يەنە كەمتەرلىك بىلەن، — مەن سىزنىڭ باشقىلارغا بۇ گەپلەرنى دېمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، مەن سىزنىڭ بۇ ئىشەنچىڭىزدىن پايدىلىنىپ سىزگە ياردەم قىلالماسمەنمۇ؟ كاردىن ئەپەندى؟

— كاردىن بېشىنى چايقىدى.

— پايدىسى يوق، مامېنت خانقىز، پايدىسى يوق!

— ھەي، كاردىن ئەپەندى، ياخشىراق ئويلىنىپ بې-
قىڭ، يەنە بىر سىناپ بېقىڭ!

— ياق، مامېنت خانقىز، مەن ئۆزۈمنىڭ لايىق
كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

— كاردىن ئەپەندى، بەختكە قارشى مەن بىلەن تو-
نۇشۇشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سىزنى تېخىمۇ ئې-
غىر ئازابقا قويۇپتىمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، مامېنت خانقىز، ئەگەر مېنى
ھەقىقەتەن قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولسا، مېنى سىز قۇت-
قۇزالايسىز، سىز ھەرگىز مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ ياماند-
لىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى پەيدا قىلغۇچى ئەمەس.

— سىزنىڭ دېيىشىڭىزچە، مەن سىزگە تەسىر
كۆرسىتەلەيدىكەنمەن، ئۇنداقتا، بۇ تەسىردىن پايدىلىنىپ
سىزگە ياردەم بېرەلەيمەنمۇ ـ قانداق؟ مەندە سىزنىڭ
ئەھۋالىڭىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياردەم بېرەلىگۈدەك
ئاز ـ تولا كۈچ يوقمىدۇ؟

— مامېنت خانقىز، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كې-
يىنلا ئاندىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، مەن ئەمدى ھەر-
گىز ھازىرقىدىن ياخشى بولالمايمەن. ھايات قەدىمى تۇ-
يۇق يولغا كىرىپ قالغان بىر كىشى ھازىر سىزگە
دۇنيادىكى ئاخىرقى كىشى بولۇپ يۈرەك سىرلىرىنى
ئىزھار قىلىۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇمدا سىز ئىچ ئاغرىتىشقا

تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېسىگىزدە تۇتۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەن ئەڭ قىزغىنلىق، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنىڭ شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنىمەنكى، سىز چوقۇم بىرەر نەتىجە ياردىتالايسىز، كاردىن ئەپەندى.

— مەندىن ئەمدى يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلماڭ، مامېنت خانىقىز، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن.

— بولىدۇ، بۇ پەقەت سىزگە بىر تەسەللى بولالىسىلا.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىن تونۇشىڭىزغىمۇ بۇنى بىلدۈرمەمسىز؟

— كاردىن ئەپەندى، — دېدى لۇسىي ھاياجانلانغان ھالدا سەل توختىۋېلىپ، — بۇ مېنىڭ مەخپىيەتلىكىم ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مەخپىيەتلىكىڭىز، مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىمەن.

— رەھمەت سىزگە، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

كاردىن لۇسىينىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيگەندىن كېيىن، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

لۇسىي خانىقىز كاردىننىڭ بۈگۈنكى ھەرىكەتلىرىنىڭ

ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىماي قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىنى، كۈنسېرى چۈشكۈنلە-شىپ، بۇگۈنكىدەك ئۆزىنى تارتىۋالالمايدىغان ھالغا چۈ-شۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، كاردىن قايرىلىپ ئۆزىگە قارىغاندا ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ توختىماي يىغلاپ كەتتى.

— خەير ـ خۇش، خۇدا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلى-غاي، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

لۇسي خانقىز چارلېز دانىيغا تەگمەكچى بولغان شۇ كۈنى لائوري ئەپەندى بىلەن پلوس خانقىز لۇسىيغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا ساقلاۋاتاتتى. مامېنت دوختۇر ئۆيىدە چارلېز دانىي بىلەن خېلى ئۇ-زۇن پاراڭلاشتى.

چېركاۋغا بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. لۇسي خانقىز بەكلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. لائوري ئە-پەندى مەغرۇرانە ھالدا لۇسىغا قارايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بوۋاق لۇسىنى قۇچى-قىدا كۆتۈرۈپ فرانسىيەدىن ئەنگلىيىگە ئېلىپ كەل-گەنلىكىنى تىلغا ئالدى. پلوس خانقىزمۇ ئۆتكەن ئىش-لارنى ئەسلىدى ۋە چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئۆزىنىڭ ئى-نىسى سولومېننى يادىغا ئالدى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئىنىسى پلوس خانقىزنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغان،

شۇنىڭدىن تارتىپ پلوس خانقىز ئىنىسى بىلەن كۆرۈ-شەلمىگەنىدى، ئەمما ئۇ ئىنىسىنى يەنىلا ياخشى كۆ-رەتتى.

دوختۇرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، دوختۇر بىلەن چارلېز دانىي چىقتى. دوختۇرنىڭ چىرايى تاتى-راڭغۇ بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. دوختۇر قىزىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغان پەيتۇنغا قاراپ ماڭدى. باشقىلار 2 ـ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، بىردەمدىن كېيىن، لۇسىي مامېنت بىلەن چارلېز دانىي يېقىن ئەتراپتىكى بىر چېركاۋدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لۇسىي بىلەن چارلېز دانىي ئۆيگە كېلىپ ناشتا قىلدى، ئاندىن لۇسىي نائىلاج دادىسى بىلەن ئىككى ھەپتىلىك خوشلاشتى، بۇ ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ پارىژدىن كەلگەندىن كې-يىنكى تۇنجى قېتىملىق ئايرىلىشى ئىدى.

لۇسىي بىلەن چارلېز كەتكەندىن كېيىن، لائورىي ئەپەندى دوختۇردا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشى تەبىئىي ئىدى. دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدە بىرنەرسىدىن مەھرۇم بولغانلىق ۋە بىرەرنەرسىدىن قورقىانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئې-تەتتى. لائورىي ئەپەندىنى ناھايىتى ئەندىشىگە سالدى. ئۇ

تېلسىن بانكىسىغا ماڭغاندا، پەس ئاۋازدا خانقىزغا مۇ-كىنقەدەر تېز قايتىپ كېلىمەن، دېدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۇ ئالدىراپ قايتىپ كەلگەندە پلوس خانقىز ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى.

— ۋاي خۇدا، ئەمدى قانداق قىلارمىز، لائورىي ئە-پەندى؟ —دېدى پلوس خانقىز يىغلاپ، — ئادەم تونۇماس بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ئاياغ تىكىشكە باش-لىدى.

لائورىي ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ، دوختۇرنىڭ خانىسىغا كىردى:

— مانېت دوختۇر، سۆيۈملۈك دوستۇم، ماڭا قا-راڭ، مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟

مانېت دوختۇر ئۈندىمىدى، قىلچە زوۋان سۈر-مەستىن يەنىلا ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇ يەنىلا باس-تىلىيە تۈرمىسىدىكى مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغان، دوستلىرى يوق، ئائىلىسى يوق، ھەتتا ئىسمىمۇ يوق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

بۇ موزدۇز ئۇدا توققۇز كېچە-كۈندۈز توختىماس-تىن ئۆز ئىشىنى قىلدى، پەقەت ئۇخلىغان، تاماق يېگەن ۋە ئۆيدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغان چاغدىلا ئاندىن ئىش ئۈستىلى ئالدىدىن قوپتى. لائورىي ئەپەندى كېچە-كۈن-دۈز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى ھەمدە پات-پات پەس ئاۋازدا



ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، دوستىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى رې-
ئاللىقا بۇراشقا تىرىشتى.

10 ـ كۈنى ئەتىگەنگە كەلگەندىلا، ئۇ ئاندىن موزدۇز-
لۇق ئىشىنى بىر ياققا تاشلاپ قويدى. ئالېكساندىر ما-
مېنت دوختۇرنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن
ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى يەنە
ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلدى، بۇلار لۇسېغا خەۋەر قى-
لىنىمىدى. لۇسى تويىنى قىلغاندىن كېيىنكى بەختلىك
ۋە خاتىرجەم كۈنلەردە، مامېنت دوختۇرنىڭ روھىي ھا-
لىتى ۋە سالامەتلىكى ياخشى بولدى.

## فرانسىيىدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللار

سان ئانتونىدىكى دېفارج ئەپەندىنىڭ مەيخانىسىدا
خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار بۇ يەرگە تەمى
ساپ بولغان يەرلىك ئۈزۈم ھارىقى ئىچىش ئۈچۈن كې-
لەتتى. ئەمما، تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلار بىلەن پاراڭ-
لىشىش، باشقىلارنىڭ پارىڭىنى ۋە باشقا خەۋەرلەرنى
ئاڭلاش ئۈچۈن كېلەتتى.

بۈگۈن مەيخانىدا خېرىدارلار ئادەتتىكىدىن كۆپ

ئىدى. دېفارجىنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ قايتىپ كەلگەندە بىر ناتونۇش كىشىنى، بىر يول ئاسرىغۇچىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

— تىنچلىقمۇ ئەپەندىلەر؟ — دېدى دېفارج ئەپەندى.

بۇ ئېھتىمال كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىشىگە بېرىلگەن بىر سىگنال بولسا كېرەك، ھەممىيلەن تەڭلا جاۋاب بەردى:

— تىنچلىق!

— بۈگۈن ھاۋارايى ياخشى ئەمەس، ئەپەندىلەر؟ — دېدى دېفارج ئەپەندى بېشىنى چايقاپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ يېنىدىكى كىشىگە قارىشىپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈن-دىمەي ئولتۇرۇشتى. پەقەت بىرلا كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— خانىم، — دېدى دېفارج ئەپەندى دېفارج خانىمغا ئۈنلۈك ئاۋازدا، — مەن ياك ئىسىملىك بۇ يول ئاسراش ئىشچىسى بىلەن كۆپ يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن پارىژدىن چىقىپ بىر يېرىم كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ يول ئاسراش ئىشچىسى بىر ياخشى ھەمراھ ئىكەن. ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان مەي قۇيۇپ بېرىڭ، خانىم.

ئىككىنچى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

دىفارج خانىم مەيىنى ياك ئىسمىلىك يول ئاسراش ئىش-چىسىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇ بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە سالام قىلغاندىن كېيىن، مەيىنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قويندا قارا بولكا بولۇپ، پات ـ پات ئازراق ئۇشتۇپ ئېلىپ يەيتتى. ئۇ، دىفارج خانىمنىڭ پوكىيىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولكىسىنى يېگەچ مەيىنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇچىنچى بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

دىفارج ئەپەندى روھىنى كۆتۈرۈش ئۇچۇن بىر يۇتۇم مەي ئىچتى. ئۇ مەيىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، ئۇ-نىڭغا قۇيۇپ بېرىلگەن مەي ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە قۇيۇپ بېرىلگەن مەيدىن ئاز ئىدى، ئۇ ھېلىقى كىشى بولكىسىنى يەپ، مەيىنى ئىچىپ بولغۇچە ئۆرە تۇردى. ئۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارغا قارىمىدى، باشقىلارمۇ، ھەتتا دې-فارج خانىممۇ ئۇنىڭغا قارىمىغانىدى. دىفارج خانىم ئىشنى قولىغا ئېلىپ پوپايكا توقۇشقا باشلىغانىدى.

— بولكىڭىزنى يەپ بولدىڭىزمۇ دوستۇم؟ — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن.

— يەپ بولدۇم، رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ كىشى.

— ئەمىسە، ماڭايلى، ئۆزىڭىز تۇرىدىغان ئۇ ئۆينى كۆرۈپ بېقىڭ. ئۇ سىزگە بەكمۇ لايىق كېلىدۇ.

ئۇلار مەيخانىدىن چىقىپ چوڭ كوچىدىن ئۆتكەندىن

كېيىن، بىر ھويلىغا كىردى، ھويلىدىن ئۆتۈپ بىناغا چىققاندىن كېيىن، بىر بالىخانىغا كىردى. بۇ ئىلگىرى بىر ئاق چاچلىق بوۋاي ئۇ يەردىكى بىر ئورۇندۇقتا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ تىنماي ئاياغ تىككەن بالىخانا ئىدى.

ھازىر بۇ يەردە ئۇ ئاق چاچلىق بوۋاي يوق، پەقەت ھېلى مەيخانىدىن چىققان ئۈچ كىشىلا تۇراتتى، ئۇلار بىلەن يىراقتىكى ھېلىقى ئاق چاچلىق بوۋاي ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر مۇناسىۋەت بار ئىدى، چۈنكى، ئۇلار تامنىڭ يوچۇقى ئارقىلىق ئۇ بوۋاينى كۆرگەنىدى.

دېفارج ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ياپتى، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— ياك بىرىنچى، ياك ئىككىنچى، ياك ئۈچىنچى، مەن ياك تۆتىنچى، ئۇ ياك بەشىنچى، بىز كېلىشكەن بويىچە ئۇچراشقان گۇۋاھچىلار. ئۇ ھەممە ئەھۋالنى سىلەرگە دەپ بېرىدۇ، قېنى سۆزلەڭ، ياك بەشىنچى.

يول ئاسراش ئىشچىسى كۆك شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن پېشانىسىنى سۈرتتى، ئاندىن:

— نەدىن باشلاپ سۆزلەيمەن، ئەپەندىم؟ — دېدى.

— باشتىن سۆزلەڭ، — دېدى دېفارج ئەپەندى.

— ئەپەندىلەر، بىر يىل ئىلگىرىكى مۇشۇنداق ياز كۈنىدە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى يول ئاسراش

ئىشچىسى، — مەن ئۇنىڭ ماركىزنىڭ پەيتۇنىنىڭ تور-مۇز زەنجىرىگە ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ كۈن ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، دەل ئىشتىن چۈشكەن چېغىم ئىدى، ماركىزنىڭ پەيتۇنى داۋاندىن ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ تورمۇز زەنجىرىگە ئېسىلىۋالغان ئىكەن، مانا مۇنداق، — يول ئاسراش ئىشچىسى ئۇ ھا-لەتنى باشتىن-ئاياغ دوراپ كۆرسەتتى.

ياك بىرىنچى سۆز قىستۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېلىقى كىشىنى كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىنى سو-رىدى.

— ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، — يول ئاسراش ئىشچىسى شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولدى.

ياك ئۈچىنچى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى قانداق تونۇۋالغانلىقىنى سورىدى.

— ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ تونۇۋال-دىم، — دېدى يول ئاسرىغۇچى پەس ئاۋازدا قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرنىنى كۆرسىتىپ، — شۇ كۈنى ئاخشىمى ماركىز مەندىن ئۇنىڭ تۇرقى قانداق ئىكەن دەپ سورى-غانىدى، مەن خۇددى ئالۋاستىدەك ئېگىز ئىكەن دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

— سىز ئۇنى خۇددى پاپىغا ئوخشاش پاكار ئىكەن، دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ياك ئىككىنچى.

— ئۇ توغرا دېدى، ياك، — دېدى دېفارج، — قېنى،

سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ!

— بولىدۇ، — دېدى يول ئاسرىغۇچى سىرلىق ھالدا، — ھېلىقى ئېگىز بويلۇق كىشى يوقاپ كەتتى، ئۇنى ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى، — قانچە كۈن ئىزدىدى، —9، 10، 11 ئاي ئىزدىدىغۇ دەيمەن!

— نەچچە ئاي ئىزدىگەنلىكى مۇھىم ئەمەس، — دېدى دېفارج، — ئۇ يوشۇرۇنۇۋالدى، ئەمما بەختكە قارشى يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. قېنى، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

— مەن يەنە ھېلىقى تاغ باغرىدا ئىش قىلىۋاتاتتىم. كۈن پاتاي دېگەندە، نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتىم، مېنىڭ كەپەم تۆۋەندىكى كەنتتە ئىدى، ئۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. شۇنداق قارىسام، تاغدىن ئالتە ئەسكەر چۈشۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى قولى كەينىگە قايرىلىپ باغلانغان بىر ئېگىز بويلۇق كىشى بار ئىدى. مانا مۇنداق باغلانغان:

يول ئاسرىغۇچى پاكار تورۇسقا قاراپ، خۇددى بوشلۇقتا دارنى كۆرگەندەك ئۇستىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— ئەپەندىلەر، سۆزلەپ بولدۇم. مەن دەل كۈن ئولتۇرغاندا ئۇ يەردىن كەتتىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى كېچىچە ماڭدىم، ئەتىسى يەنە يېرىم كۈن تاكى بۇ ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقۇچە ماڭدىم. شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلدىم،

بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىيادە مېڭىپ كەلدۇق؛ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن يەنە بىر كېچە مېڭىپ ئاندىن بۇ يەرگە كەلدۇق.

كۆپچىلىك غەمكىن كەيپىيات ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمدى. ياك بىرىنچى:

— ياخشى، ناھايىتى سەمىمىي - سادىق ئىكەنسىز، سۆزلىرىڭىزمۇ ئىشەنچلىك ئىكەن، سىرتقا چىقىپ بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى يول ئاسىرىغۇچى. دېفارج ئۇنى پەلەمپەي ئېغىزىغا باشلاپ چۈشۈپ، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ئۆزى كىرىپ كەتتى.

ئۇ بالىخانىغا قايتىپ چىققاندا، باشقا ئۈچەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مەسلىھەتلىشىۋاتقانىدى.

— سىزنىڭ قانداق پىكرىڭىز بار، ياك؟ — دەپ سورىدى ياك بىرىنچى، بۇلارنى يېزىپ قويىمىزمۇ؟

— مىلىڭ لەنەت ئۇلارغا، يېزىپ قويايلى، — دېدى دېفارج.

— بەك ياخشى بولدى! — دېدى ئارىدىكى چىرايىدىن تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان كىشى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— قەلئە ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىچۇ؟ — دەپ سورىدى ياك بىرىنچى.

— قەلئە ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىمىز، — دېدى دېفارج.

سورۇندىكى تەشنالىق، تەقەززالىق ئىچىدە قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن كىشى بوغۇق ئاۋاز بىلەن تەكرارلىدى:

— بەك ياخشى بولدى! — ئۇ ئەمدى باشقا بىر بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ چىشلەشكە باشلىدى.

— مۇنداق خاتىرىلەش ئۇسۇلىدىن، — دەپ سورىدى ياك ئىككىنچى دېفارجىدىن، — چاتاق چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالامسىز؟

— بۇ ئۇسۇل ناھايىتى بىخەتەر، چۈنكى، ئۇنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدۇ، ئەمما، بىز ئۇنى ھەرقاچان چۈشىنەلمەيمىزمۇ ياكى بولمىسا، ئېيتايلى، ئۇنى سىزنىڭ ئايالىڭىز چۈشىنەلەمدۇ؟

— ياك، — دېدى دېفارج قەددىنى رۇسلاپ، — ئۇ خانىم، يەنى مېنىڭ ئايالىم ھەرقانداق ئىشنى كاللىسىغا خاتىرىلىۋالىدۇ، بىرەر سۆز، بىرەر ھەرپىنىمۇ قالدۇرماي ئېسىدە تۇتۇۋالىدۇ، ئۇ بىرنەرسە توقۇۋېتىپ، ئۆز بەلگىسى بىلەن ئىشلارنى يادىغا ئېلىۋالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىنتايىن ئاددىي ئىش. دېفارج خانىمغا ئىشىنىش كېرەك. بىرەر جىنايەتكار بۇ دۇنيادىن يوقىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ نامى ۋە جىنايەتلىرىنىڭ دېفارج خانىمنىڭ خاتىرىسىدىن يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىشەنچ ۋە ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىن تەقەززالىق ۋە تەشنالىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كىشى:

— بۇ سەھرالىقنى ھازىرلا كەتكۈزۈۋېتەمدۇق؟ مەن شۇنداق قىلساق دەيمەن. ئۇ بەك ساددا ئادەمكەن، ئۇ سەل خەتەرلىكرەك تۇرامدۇ ـ قانداق؟

— ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، — دېدى دېفارج، — ئۇ بىلىدىغان ئازراق ئەھۋال ئوخشاشلا ئۇنى ئاسانلا دار ئالـ دىغا ئاپىرىدۇ. مەن ئۇنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىپ ئۆزۈم قارايمەن. مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايمەن، ئاندىن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىمەن. ئۇنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىـ نى — پادىشاھنى، خانىشنى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى بىر كۆـ رۈپ باققۇسى بار ئىكەن. يەكشەنبە كۈنى مەن ئۇنى ئاـ پىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي.

— نېمە؟ — دېدى تەقەززالىق، تەشنالىق ئىچىدىكى ئادەم كۆزىنى ئالايتىپ، — ئۇنىڭ خان جەمەتى ۋە ئاقـ سۆڭەكلەرنى بىر كۆرۈپ باققۇسى بارمىكەن؟ بۇ ياخشى ئىشمۇ؟

— ياك، — دېدى دېفارج، — ئەگەر سەن مۈشۈك سۈتكە قىزىقسۇن دېسەڭ، ياخشىسى ئۇنىڭغا سۈتنى كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر سەن ئوۋ ئىتىغا بىرەر ھايۋاننى ئوۋلاتماقچى بولساڭ، ياخشىسى ئۇنىڭغا ئۇ ھايۋاننى كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ كېرەك.

ئۇلار سۆزلىشىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، يول ئاسىرىـ غۇچىنىڭ پەلەمپەي ئاغزىدا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغانـ لىقىنى كۆرۈشتى، شۇڭا، ئۇنى يەردىكى ئورۇندا ئۇخلاشقا

بۇيرۇدى. ئۇ تېزلا ئۇخلاپ قالدى.

يەكشەنبە كۈنى يول ئاسرىغۇچى دېفارج خانىمنىڭ دېفارج ئەپەندى بىلەن ئۆزگە ھەمراھ بولۇپ ۋېرسال ئوردىسىغا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، زادىلا خۇشال بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خانىمنىڭ كوچا پەيتۇنىدىمۇ يول بويى بىرنەرسە توقۇپ ئولتۇرۇشى يول ئاسرىغۇچىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. چۈشتىن كېيىن، ئۇ خانىمنىڭ كىشىلەر توپى ئىچىدە ئولتۇرۇپ، پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ پەيتۇنىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىمۇ يەنىلا بىر نەرسە توقۇپ ئولتۇرۇشى يول ئاسرىغۇچىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

— بەكلا ئالدىراش ئىشلەيدىكەنسىز، خانىم، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئەر.

— ھەئە! — دېدى دېفارج خانىم، — مېنىڭ ئىشلىرىم بەك كۆپ.

— نېمىلەرنى توقۇيسىز، خانىم؟

— ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى.

— مەسىلەن، نېمىلەرنى؟

— مەسىلەن، — دېدى دېفارج خانىم ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن، — جەسەت ئورلىمىدىغان كېپەنلىكنى.

ھېلىقى ئەر بۇ خانىمدىن دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سەل يىراقلىراق سۈرۈلۈۋالدى، يول ئاسرىغۇچى كۆك شىلەپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ

ئىچى سىقىلىپ كەتكەنىدى.

پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ پەيتونى كەلگەندە ئۇلار «يا-شىسۇن» دەپ ۋارقىراشتى، يول ئاسرىغۇچىمۇ ۋارقىرى-دى.

— ياخشى! — دېدى بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كې-يىن، دېفارج خۇددى ئۇنىڭ ھىمايىچىسىدەك يول ئاس-رىغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، سىزنىڭ ئىپا-دىڭىز ياخشى بولدى.

بۇ چاغدا، يول ئاسرىغۇچىنىڭ كاللىسى سەگەك-لەشتى. ئۇ باياتىن خاتا قىلىپ قويدۇممىكىن دەپ گۇ-مانلىنىپ قالغانىدى.

— سىز دەل بىزگە كېرەكلىك ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى دېفارج ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ، — سىز-نىڭ قىلغانلىرىڭىزدىن ئۇ كالۋالار بۇ ياخشى كۈنلەر مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ، دەپ ئىشىنىپ قالدى. ئۇلار قانچە ئۆكتەملىك قىلسا، بۇ ياخشى كۈنلەر شۇنچە تېز ئاخىرلىشىدۇ.

— ھە، شۇنداق! — دېدى يول ئاسرىغۇچى ئەمدى چۈشەنگەندەك ۋارقىراپ، — توغرا!

— بۇ كالۋالار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار سى-لەرنىڭ ئاھۇ - زارىڭلارغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى-نىڭ ئاتلىرى ۋە ئىتلىرىنى ئەمەس، بەلكى سىلەرنى مەڭگۈ زوۋانى چىقمىسا ئىكەن دەيدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ

داد ـ پەرياد ئىچىدە ئۆزلىرىگە يېلىنىنىشىڭلارنىلا بىلىدۇ، ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى يەنە بىر مەزگىل مۇشۇنداق ئال-دايلى، ئەمما، بۇ ئالداشنى بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش-كىمۇ بولمايدۇ.

دېفارج خانىم مەغرۇرانە ھالدا بۇ ھىمايە قىلىنغۇ-چىغا قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سىز، — دېدى ئۇ، — قىزىقارلىق، قىزىقچىلىق بولسىلا نېمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ياش تۆكۈسىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەقىقەتەن شۇنداق دەپ قارايمەن، خانىم، ھازىر-چە شۇنداق.

— ئەگەر سىزگە بىر دۆۋە قونچاقنى كۆرسىتىپ، ئۆزۈڭىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى يانجىۋەت، بولا دېسە، سىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقىنى تاللايسىز، دەڭە، شۇنداقمۇ؟

— ھەقىقەتەن شۇنداق، خانىم.

— شۇنداق، ئەگەر سىزگە بىر توپ ئۇچالمايدىغان قۇشنى كۆرسىتىپ، ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئات، ئۇنىڭ پەيلىرىنى يۇلۇۋال دېسە، سىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەيلىرى ئەڭ چىرايلىق قۇشنى تال-لايسىز، شۇنداقمۇ؟

— توغرا، خانىم.

— سىز بۈگۈن قونچاقلارنى ۋە قۇشلارنى كۆردىڭىز، —

دېدى دېفارج خانىم پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ پەيتونى كې-
تىۋاتقان تەرەپنى كۆرسىتىپ، — ئەمىسە، ھازىر ئۆيە-
مىزگە قايتىپ كېتەيلى!

دېفارج ئەر - خوتۇنلار كوچا پەيتونى بىلەن خۇشال ھالدا سان ئانتونىغا قايتىپ كەلدى، ئۇلار بۇ مۇقەددەس كوچىنىڭ چېگرىسىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ كوچى-سىدىكى قارا پاتقاق ۋە ئەخلەتلەردىن ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا، دېفارج خانىم ئېرىدىن:

— ئەزىزىم، ساقچى ياك سىزگە نېمىلەرنى دې-دى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇگۈن ئاخشام ناھايىتى ئاز سۆزلىدى، ئەمما ئۇ پەقەت شۇلارنىلا بىلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە يەنە بىر پايلاقچى ئەۋەتىلىپتۇ. بەلكىم يەنە نۇرغۇن پايلاقچى ئە-ۋەتىلگەندۇ، ئەمما، ئۇ پەقەت شۇ بىرىنىلا بىلىدىكەن.

— ياخشى! — دېدى دېفارج خانىم تەمكىن بىر قى-ياپەتتە خۇشاللىق بىلەن، — ئۇنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

— ئۇ ئەنگلىيىلىك ئىكەن.

— تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلى-سى نېمىكەن؟

— بارساد، — دېدى دېفارج، — ئۇ بۇ ئىسمىنى بىر فرانسۇزنىڭ ئىسمى شەكلىدە ئېيتتى. ئۇ ئىسمىنى توغرا ئېيتىشقا دىققەت قىلىپ، بىر ھەرپىنىمۇ تاشلىماي

ئېيتتى.

— بارساد، — دەپ تەكرارلىدى خانىم، — ھە، دىنىي ئىسمى نېمىكەن؟

— يوھان ئىكەن.

— يوھان بارساد، — دەپ تەكرارلىدى خانىم دۈدۈقلاپ، — ھە، ئۇنى كۆرگەنلەر بارمىكەن؟

— يېشى تەخمىنەن 40 لار ئەتراپىدا ئىكەن، بويى تەخمىنەن بەش فۇت توققۇز دىيۇيىم، قارا چاچ، تېرىسى قارا، قارا كۆز، چىرايى خېلىلا قاملاشقان، يۈزى سوزۇنچاق، سەل سارغۇچ، ئىلمەك بۇرۇن، ئەمما بۇرنى تۈز ئەمەس، بەكمۇ ئالاھىدە بولۇپ، سول تەرەپكە مايماق. دېمەك، چىرايىدىن مەككارلىقى چىقىپ تۇرىدىكەن.

— شۇنداق. بۇ بىر ئاجايىپ پورتېرت ئىكەن، — دېدى خانىم، — ئەتىلا ئۇنى خاتىرىلىۋالىمەن.

ئۇلار مەيخانىسىغا كىردى، مەيخانا تاقالغانىدى، دېفارج خانىم ھېساباتا قىلىشقا كىرىشتى، دېفارج غاڭزىسىنى چىشلىگىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

بۇ ئاخشىمى ھاۋا بەك ئىسسىق بولۇپ، مەيخانىدا بىر سېسىق پۇراق بار ئىدى. دېفارج بۇ پۇراقنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن غاڭزىسىنى ئېلىپ پۈۋلىدى.

— ھېرىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى خانىم پۇلنى رەتلەپ چىگىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بېشىنى كۆ-

تۇرۇپ، — بۇ ئادەتتىكى پۇراق.

— بىرئاز ھېرىپ قاپتىمەن، — دېدى ئېرى ئېتىراپ قىلىپ.

— كەيپىياتىڭىز سەل ياخشى ئەمەس، — دېفارج خانىمنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ھېساباتقا ئەزەلدىن بۇگۈندىكىدەك مۇنداق تىكىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نەزەرىنى ئېرىگە ئاغدۇردى، — ھەي، ئەرلەر، بىچارە ئەرلەر!

— بىراق، سۆيۈملۈكۈم... — دېدى دېفارج.

— بىراق، سۆيۈملۈكۈم! — دەپ تەكرارلىدى دېفارج خانىم قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇگۈن ئاخشام سىز بىر ئاز ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم!

— بولدىلا! — دېدى دېفارج خۇددى زورىغا شۇنداق دېگەندەك، — بۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

— ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپ تەكرارلىدى ئۇنىڭ ئايالى — قاچان ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدىغان بولار؟ ئىنتىقام ئېلىش ھېساب ئېلىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئەزەلدىن شۇنداق.

— چاقماقنىڭ ئادەمنى سوقۇشىغا ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ، — دېدى دېفارج.

— ئەمما، چاقماقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە توپلىنىشى ئۈچۈن قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، قېنى ئېيتىڭا! —

دېدى خانىم تەمكىنلىك بىلەن.

دېفارج خۇددى بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ بۇ سۆزنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— يەر تەۋرەشنىڭ بىر شەھەرنى ۋەيران قىلىشىغا ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ. ھىم، ئېيتىڭا! يەر تەۋرەشنىڭ پەيدا بولۇشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى خانىم.

—مېنىڭچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغۇ دەيمەن، — دېدى دېفارج.

— ئەمما، ناۋادا يەر تەۋرەش شەرتى ھاسىل بولۇپ، يەر تەۋرىسە، ئۇ ھەممىنى كۇكۇم-تالقان قىلىپ تاشلايدۇ. گەرچە ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمىسىمۇ، ئاڭلىيالمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش شەرتى داۋاملىق ھازىرلىنىۋېرىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ سىزگە بېرىدىغان تەسەللىيىم، بۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ!

دېفارج خانىم خۇددى بىر دۈشمەننى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندەك، توقۇۋاتقان نەرسىدىن بىر ھالقا چىقاردى-دە، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— سىزگە شۇنى ئېيتايكى، — دېدى خانىم سۆزىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوڭ قولىنى چىقىرىپ، — گەرچە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ، ئەمما ئۇ يولغا چىققان ئىكەن، ھامان

كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئارقىغا يانمايدۇ، ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ، ئۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەتىراپقا قاراپ بېقىڭ، بىز چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، «دېھقانلار قوزغىلىڭى» قەتئىي ھالدا قىلماقچى بولغان ئاشۇ غەزەپ ۋە نارازىلىققا تولغان ھەرىكەتلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. شۇنداق تۇرسا، بۇ خىل ئەھۋال يەنە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالارمۇ؟ يەنە سىزگە قوشۇلۇشۇم كېرەكمۇ، تۇفى!

— مېنىڭ باتۇر خوتۇنۇم، مەن بۇلاردىن گۇمانلانمايمەن، ئەمما، ئۇ خىل ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق ئېھتىماللىق بار، بۇنى سىز بىلىسىز، سۆيۈملۈكۈم، ئۇنداق ئېھتىماللىق بار، بىزنىڭ بۇ ئۆمرىمىزدە كۆتكەن كۈنلىرىمىز كەلمەسلىكى مۇمكىن.

— ھە، ئۇنداق بولسا قانداق بولاتتى؟ — دېدى خانىم خۇددى يەنە بىر دۈشمەننى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندەك، توقۇۋاتقان نەرسىسىدىن يەنە بىر ھالقا چىقىرىپ.

دېفارج ئاغرىنغان ھالدا ئۆزىنى ئاقلاپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

— بىز غەلىبىنى كۆرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

— بىز غەلىبىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى

سورۇشمىسز كېرەك، — دېدى خانىم قولىنى كۆچلۈك سىلكىپ.

— بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز غەلىبىنى كۆرەلەيمىز. ناۋادا كۆرەلمىسەكمۇ، ناۋادا كۆرەلمەسلىكنى ئېنىق بىلسەكمۇ، ئەگەر بىرەر ئاقسۆڭەك ياكى زالىم پادىشاھنىڭ بوينىنى كۆرىدىغانلا بولسام... — خانىم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزەپ بىلەن بىر ھالقا چىقاردى.

— بولدى، سۆزىڭىزنى توختىتىڭ! — دېدى دېفارج. ئۇنىڭ يۈزى سەل قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئايالىنىڭ ئۆزىنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلىشىدىن، «سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ قولۇمدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ» دېيىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى.

— توغرا. بىراق، بەزىدە سىز زىيانكەشلىكىڭىزگە ئۇچرىغۇچىلار ۋە پۇرسەتنىڭ ئۆزىڭىزنى قوللىشىغا موھتاج بولىسىز، بۇلار سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىز. بۇلارغا تايىنىۋالماي، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە تايىنىڭ. ئاشۇ كۈنگە كەلگەندىلا، ئاندىن يولۋاس بىلەن ئالۋاستىنى قويۇپ بېرىڭ. ئەمما ئۇلارنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىك، ئۇلارنى زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇش كېرەك. شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپ، ئاشۇ كۈننى كۈتۈش كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ

ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۇ ئايال ئۆزىنىڭ مەيخانىدىكى ھەر كۈنى ئولتۇرىدىغان ئورنىدا توختىماستىن بىرنەرسە توقۇۋاتاتتى.

ئىشىكتىن كىرگەن بىر كىشىنىڭ سايىسى دېفارج خانىمنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، خانىم بۇ كىشىنىڭ يات كىشى ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، قولىدىكى ئىشنى قو- يۇپ، بىر تال ئەتىرگۈلنى قۇلىقىغا قىستۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ كىشىگە قارىدى.

بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال ئىدى. دېفارج خانىم بۇ ئە- تىرگۈلنى قۇلىقىغا قىسىشى بىلەن تەڭلا مەيخانىدىكى خېرىدار گەپتىن توختاپ، بىر ـ بىرلەپ مەيخانىدىن چىقىپ كېتىشتى.

— تىنچلىقمۇ خانىم؟ — دېدى كىرگەن كىشى.

— تىنچلىق، ئەپەندىم، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، ئۈنىگىدىن كېيىن يەنە قولىدىكى ئىشنى توقۇشقا باشلىدى ۋە ئىچىدە: «پايلاقچى» دەپ پىچىرلىدى.

— خانىم، ماڭا بىر رومكا كونا براندى ۋە ئازراق سوغۇق سۇ بېرىڭ! — دېدى كىرگەن كىشى.

خانىم بۇنى ئەدەپ بىلەن ئورۇندىدى.

— بۇ براندى بەك ياخشىكەن، خانىم.

بۇ ھاراقنىڭ مۇنداق ماختاشقا سازاۋەر بولۇشى تې- خى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى، دېفارج خانىم بۇ ھا- راقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ

گەپكە ئىشەنمەيتتى. ئۇ «ئارتۇقچە ماختىۋەتتىڭىز!» دەپ قويۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ توقۇش ئىشىغا كىرىشىپ كەتـ-تى. بۇ مېھمان ئۇنىڭ توقۇۋاتقان ئىشىغا قارىغاچ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇكاننى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتى.

— قولىڭىز بەك ئەپچىل ئىكەن.

— ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

— توقۇلغان گۈلمۇ بەك چىرايلىق ئىكەن.

— سىز شۇنداق دەپ قارامسىز؟ — دېدى خانىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

— ئەلۋەتتە. ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، بۇنى توقۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن توقۇيمەن، — خانىمـ-نىڭ بىر-نەرسە توقۇۋاتقان قولى ئەپچىللىك بىلەن يۆتكىلەتتى، خانىم ئۇ كىشىگە يەنىلا كۈلۈمسىرەپ قا-رىدى.

— ئۇنى ئىشلەتمەمسىز؟

— ئەھۋالغا قارايمەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ئىشلىتىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئەگەر ئۇ كېرەك بولۇپ قالسا، — ئۇ بىر نەپەس ئېلىپ، قەيسىرانە بىر ھالەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇنى ئىشلىتىمەن.

بۇ ھالەت كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك تارتاتتى. سان ئانتونىدىكى كىشىلەر دېفارج خانىمنىڭ ئۇ ئەتىرگۈلنى

قولىقىغا قىسۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغاندەك قىلاتتى.

— يوھان، — دېدى ئۇ ئىچىدە قولىدىكى نەرسىنى تۇتقۇچاچ بۇ ئىسىمغا بەلگە قويۇپ، ئاندىن بۇ ناتونۇش كىشىگە تىكىلدى، — ئەگەر سەن بۇ يەردە تۇرۇۋېرىدىغان بولساڭ، سەن كېتىشتىن ئىلگىرى مەن «بارساد» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئوبدان خاتىرىلىۋالىمەن.

— ئېرىڭىز بارمۇ، خانىم؟

— بار.

— بالىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— قارىغاندا، ئوقىتىڭلار ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ.

— ئوقىتىمىز بەكلا كاسات، كىشىلەر بەك نامرات.

— ھەي، بەختسىز، بىچارە كىشىلەر، سىلەر بۇنى قاتتىق ئېزىلىش دەيسىلەر ـ ھە!

— سىلەر بۇنى... دەيسىلەر؟ — دېدى خانىم رەددىيە بەرگەن ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزەتكەچ. ئۇ قولىدىكى ئىشنى توقۇۋېتىپ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يەنە بىرمۇنچە بەلگىلەرنى قويۇۋالدى، بۇ ئۇ ناتونۇش كىشىگە نىسبەتەن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى.

— شۇنداق دېگىنىمنى كەچۈرۈڭ، ئەمما، سىز ئەل-ۋەتتە شۇنداق ئويلىغان.

— مەنمۇ؟ — دېدى خانىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، —

ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن، بۇ مەيخانىدا ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئالدىراشچىلىقتىن پۇت ـ قولىمىز يەرگە تەگمەيدۇ. بىزنىڭ ئويلايدىغىنىمىز پەقەت قانداق قىلىپ بۇ جاننى بېقىش. مەن ئويلايدىغان ئىش مانا شۇ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە شۇ ئىشنىڭ غېمى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرۇشقا چولىمىز تەگمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرىدۇ دەمسىز؟

— ياق، ياق!

بۇ پايلاقچى بۇ يەرگە ئەھۋال ئىگىلەش ۋە گەپ ئېلىش مەقسىتىدە كەلگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارا قىلالمايتتى. ئۇ قىزغىن كەيپىياتتا، ئۇ يەردە بىر جەينىكىنى دېفارج خانىمنىڭ پوكىيىگە تىرىگىنىچە بىر دەم ـ بىردەم قولىدىكى براندى ھارىقىنى ئوتلاپ قويۇپ تۇراتتى.

— گاسپاردنى دارغا ئېسىش بەك رەھىمسىزلىك بولدى خانىم، ھەي بىچارە گاسپارد! — دېدى پايلاقچى ئۈنىگغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغاندەك خورسىنىپ.

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى خانىم سوغۇققىنە، — ئەگەر بىرەر كىم بۇ مەقسەت ئۈچۈن قاتىللىق قىلغان بولسا، ئۇلار بۇ ئىشى ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن بۇرۇن، شۇنداق قىلسا، ئۆزىنىڭ قانداق بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن. ئۇ شۇنداق بەدەل تۆلىدى.

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن! — دېدى پايلاقچى ئاۋازىنى كىشى ھەقىقەتەن ئىشەنگۈدەك غەمكىن چىقىرىپ. ئۇنىڭ رەزىل چىرايىدىكى ھەربىر مۇسكۇلى قاتتىق ئازابلانغان بىر ئىنقىلابچىنىڭكىدەك ھاياجاندىن تىترەيتتى، — مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، بۇ بىچارە كىشىنىڭ ئىشىغا بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھېسداشلىق قىلغان ۋە غەزەپلەنگەندۇ ـ ھە! بۇ بىز ئىككىمىزلا دېيىشىۋاتقان گەپلەر، ھەرگىز باشقىلارغا دەپ سالماڭ!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى خانىم ھەيرانلىق بىلەن.

— سىزنىڭچە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئېرىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى دېفارج خانىم.

مەيخانا خوجايىنى كىرگەندىن كېيىن، پايلاقچى شلەپىسىنى تۇتۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھالدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:

— تىنچلىقمۇ؟ ياك، — دېدى، دېفارج ئەپەندى تۇرۇپلا قېلىپ، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى.

— تىنچلىقمۇ، ياك؟ — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى پايلاقچى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر كۆز ئالدىدا سەل ئىشەنچسىزلىك ياكى سۇنئىي كۈلكە بىلەن.

— خاتا تونۇپ قاپسىز، ئەپەندىم، — دېدى مەيخانا خوجايىنى، — مېنى باشقا بىر ئادەم دەپ قاپسىز. سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز مېنىڭ ئىسمىم ئەمەس، مېنىڭ

ئىسمىم دېفارج.

— ھەممىسى ئوخشاش! — دېدى پايلاقچى ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال تۇتسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەل ئوسال بولۇپ، — ئامان بولۇڭ.

— ئۆزىڭىزمۇ ئامان بولۇڭ! — دېدى دېفارج سوغۇققىنە.

— سىز كىرگەندە مەن خانىمىڭىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ باشقىلاردىن بىچارە گاسپاردنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇ ئىشنىڭ سان ئانتوندىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىمنى دەپ بېرىۋاتاتتىم.

— ئەمما مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىدىم، — دېدى دېفارج بېشىنى چايقاپ، — بۇ ھەقتە مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ئۇ ئايالى ئولتۇرغان پوكەينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئايالىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان ئۇ كىشىگە سەپسالدى.

پايلاقچى بۇ كەسپىنىڭ ئەھلى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تۇرغان قىياپىتىنى زادىلا ئۆزگەرتمىدى. ئۇ قولىدىكى هاراقنى ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر ئوتلام سۇ ئىچىپ، يەنە بىر رومكا

هاراق ئالدى. دېفارج خانىم ئۇنىڭغا هاراق قۇيۇپ بېرىپ، يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

— سىز بۇ رايوننىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغاندەك كۆرۈنىسىز، مەندىنمۇ بەكرەك بىلىدىغاندەك قىلىسىز؟ — دېدى دېفارج.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەمما، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، بۇ يەردىكى پاجىئەلىك ھالەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن.

— ھىم! — دېفارج ئەپەندى دىمىغىنى بوشقىنە قېقىپ قويدى.

— دېفارج ئەپەندى، سىز بىلەن بولغان سۆھبىتىم ئېسىمگە سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى قىزىقارلىق ئىشلارنى سالدى، بەختكە يارىشا ئۇ ئىشلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى دېفارج سوغۇققىنە.

— ھەقىقەتەن شۇنداق! مامېنت دوختۇر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ كونا خىزمەتكارى بولغان سىزنىڭ دوختۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. كىشىلەر ئۇنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپتىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى مەن باشقىلاردىن ئاڭلىغان، بۇلار ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟

— ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش، — دېدى دېفارج، ئۇ

ئايالىنىڭ غىڭشىپ ئولتۇرۇپ بىرنەرسە توقۇۋېتىپ، بىردىنلا ئۇنى قەستەن نوقۇپ، ياخشىسى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىڭ، ئەمما گېپىڭىز ناھايىتى قىسقا بولسۇن، دېگەن بېشارىتىنى چۈشەنگەندى.

— ئۇنىڭ قىزى بۇ يەرگە كېلىپ، دادىسىنى ئەنگ-لىيىگە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. رەڭلىك كىيىم كىي-گەن، يالغان چاچ سالغان، تېلسىن بانكىسىدىن كەلگەن لائورىي ئەپەندى ئۇ قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئى-كەن، — دېدى پايلاقچى.

— شۇنداق، — دەپ تەكرارلىدى دېفارج.

— بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ناھايىتى قىزىق تۇيۇلى-دۇ، — دېدى. پايلاقچى، — مەن ئەنگلىيىدە مامېنت دوختۇر ۋە ئۇنىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى دېفارج.

— ئۇنىڭ خەۋىرىنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرالمايۋاتى-سىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى پايلاقچى.

— شۇنداق، — دېدى دېفارج.

— ئەمەلىيەتتە، — دېدى غىڭشىپ بىرنەرسە توقۇ-ۋاتقان دېفارج خانىم سۆز قىستۇرۇپ، — بىز ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى زادىلا ئاڭلىمىدۇق. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەنگ-لىيىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى بىر پارچىمۇ ياكى ئىككى پارچىمۇ خېتىنى تاپشۇرۇ-ۋالغانغۇ دەيمەن. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئاستا-

ئاستا ئۆز يولىغا ماڭدى، بىزمۇ ئۆز يولىمىزغا ماڭدۇق. خەت ـ ئالاقە قىلىشمىدۇق.

— ھەقىقەتەن توغرا، خانىم، ئۇ قىز يېقىندا توي قىلماقچى، — دېدى پايلاقچى.

— يېقىندا توي قىلماقچى؟ — دېدى خانىم، — ئۇ ناھايىتى گۈزەل قىز ئىدى، ئەسلىدە بۇرۇنلا توي قىلىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭچە، سىلەر ئەنگلىيىلىكلەر سۆرۈن تەلەت كېلىدىكەنسىلەر.

— ھە، سىز مېنىڭ ئەنگلىيىلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىپسىز ـ دە!

— تەلەپپۇزىڭىزدىن بىلدىم، — دېدى خانىم، — مەن سۆزىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمەن.

پايلاقچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماختاپ خۇشامەت قىلىپ كەتمىدى، ئەمما، ئۇ ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ماسلىشىشقا ماھىر بولغاچقا، ھا، ھا دەپ كۈلۈپ قويۇپلا گەپنى بۇرىۋەتتى. ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئاستا ـ ئاستا ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن:

— شۇنداق، مامىنت خانقىز يېقىندا توي قىلماقچى. ئەمما، ئۇنىڭ تېگىدىغان ئادىمى ئەنگلىيىلىك ئەمەس، بەلكى فرانسىيىلىك، ماركىزنىڭ چارلىز ئىسىملىك بىر جىيەنى.

بارساد ئەپەندى ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ پۇلنى تۆ-

لىگەندىن كېيىن، خوشلىشىپ ماڭماقچى بولدى. مې
گىش ئالدىدا دېفارج ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىلە
يەنە كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى قوشۇپ قو
دى.

— ئۇنىڭ مامېنت خانقىز توغرىسىدا دېگەنلىــ
راستىمىدۇ؟ — دېدى دېفارج ئەپەندى قولىنى ئايالىــ
مۈرىسىگە قويۇپ پەس ئاۋاز بىلەن.

— ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېھتىمال يالـغان بولـۇش
مۇمكىن. ئەمما، بەلكىم يەنە راست بولۇشىمۇ مۇ
كىن، — دېدى خانىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش بولـسـا....؟ —
دېفارج ئەمدىلا سۆزنىڭ بېشىنى چىقىرىپ يەنە توختى
ۋالدى.

— ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش بولـسـا...؟
دېدى خانىم تەكرارلاپ.

— ئەگەر ئۇ كۈن ئاخىر كېلىدىغان بولسا، بىز
ھاياتىمىزدا غەلىبىنى كۆرەلەيمىز. مەن تەقدىرنىڭ ئ
نىڭ ئېرىنى چەت ئەلدە ئامان ـ ئېسەن ساقلىشىنى ئ
مىد قىلىمەن.

— ئۇنىڭ ئېرىنىڭ تەقدىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ بارىد
غان جايىغا ئاپىرىدۇ، ئۇنى ئاخىرقى نەتىجىسىگىچە يې
كۈزىدۇ. مەن مانا مۇشۇلارنىلا بىلىمەن، — دېدى خان
ئادەتتىكىگە ئوخشاش تەمكىنلىك بىلەن.

— ئەمما، بۇ ئىش ناھايىتى غەلىتە تۇرىدۇ، ھېچ-
لمىغاندا، ھازىر قارىغاندا، بۇ ناھايىتى غەلىتە بىر
ش ئەمەسمۇ؟

— نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كىم بىلىد-
؟ — دېدى دېفارج خانىم، — مېنىڭ تىزىملىكىمدە
ۋرموند دېگەن بۇ ئىسىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى
زىملىككە كىرگۈزۈشكە تولۇق ئاساسىم بار، — خانىم
ىلا خاتىرجەم ھالدا پوپايكىسىنى توقۇپ، يەنە بىر
چە خەلق دۈشمىنىنىڭ ئىسمىغا بەلگە قويۇۋالدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە، دېفارج خانىم يەنىلا قولىدىكى
سىنى توقۇماقتا ئىدى، سان ئانتونىدىكى ئاياللارمۇ
رنەرسىلەرنى توقۇماقتا ئىدى. ياك ۋە ئۇنىڭ بۇرادەر-
رىنىڭ ئاچلىقتىن جۇدەپ كەتكەن چىرايى بارغانسېرى
رسىزلىنىشقا، قەلبى غەزەپتىن پۇچىلىنىشقا باشلى-
. پارىژغا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلدۈرما-
لىق بوران- چاپقۇنىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق ئاڭ-
نىشقا باشلىدى.

ۋەقە يازنىڭ بىر كۈنى باشلاندى، سان ئانتونىدىكى
ارج مەيخانىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارغا نۇرغۇن
شىلەر توپلانغانىدى. ئۇلار قوللىرىغا مىلتىق، قىلىچ،
لتەك، تاش ۋە قورال قىلىشقا بولىدىغانلىكى نەرسى-
رنى ئالغانىدى. ئۇلار غەزەپتىن قاتتىق ۋارقىراپ،
ڭگە كىرىشكە تەييار تۇراتتى، جەڭدە جېنىدىن ئايرىلىشقىمۇ

رازى ئىدى.

— دوستلار، ئەپەندىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى دې-فارج، — ھەممە ئىشلار تەييار بولدى، باستىلىيە تۈر-مىسىگە ھۇجۇم قىلايلى! — كىشىلەر دەۋرەپ، خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك ئالدىغا ئېتىلدى.

— ئاياللار، ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى دېفارج خانىم پارقىراپ تۇرغان ئۆزۈن قىلىچنى پۇلاڭ-لىتىپ، — بىزمۇ ھەرقانداق ئەرگە ئوخشاشلا دۈشمەن-لەرنى ئۆلتۈرەلەيمىز.

غەزەپلەنگەن ئادەملەر ئېقىمى سان ئانتونىدىن ئۆ-تۈپ، باستىلىيە تۈرمىسىگە قاراپ ھۇجۇم باشلىدى. ئا-دەمنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغايدىغان بۇ تۈرمىدە نا-ھايىتى تېزلا جەڭ ساداسى ياڭرىدى. كۆچلۈك يالقۇن ۋە قويۇق ئىس-تۈتەكلەر تۈرمىنىڭ ئېگىز تاش تېمىدىن ئېشىپ كەتتى، گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق توپ ئاۋازى شە-ھەرنى قاپلىدى.

ۋەھىمىلىك ۋە شىددەتلىك بولغان تۆت سائەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، شەھەر سېپىلىغا ئاق بايراق چىقىرىلىپ، سېپىل دەرۋازىسى ئېچىپ بېرىلدى. باس-تىلىيە تۈرمىسى پارىژ خەلقى تەرىپىدىن ئىگىلەندى. كىشىلەر توپى تۈرمىگە باستۇرۇپ كىرىپ، «گۇناھكار-لارنى ئازاد قىلايلى» دەپ ۋارقىرىدى. دېفارج كۆچلۈك

قولىنى بىر ئەسكەرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

— ناھايىتى تېزلا ماڭا شىمالىي بىنانى كۆرسەت، مېنى شىمالىي بىنا 105 ـ نومۇرلۇق كامېرغا باشلاپ چىق، تېز — دېدى.

— ئارقامدىن مېڭىڭ! — دېدى قورقۇپ كەتكەن ئۇ ئەبلەخ. دېفارج ۋە ياك ئۇچىنچى ئۇ ئەسكەرگە ئەگىشىپ تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كارىدورىدىن مېڭىپ، چوڭ قۇلۇپ سېلىنغان بىر ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ پاكار بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ كىچىك، تار بىر كامېر بولۇپ، قاراڭغۇ كامېرنىڭ تاش تېمىدا پەقەت بىر روجەكلا بار ئىدى، روجەك ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى، دېفارج كامېر ئىچىگە تامنى بويلاپ ئىنچىكىلەپ سەپسېلىشقا باشلىدى.

— بۇ يەرگە قاراڭ، بۇ يەرگە، ياك ئۇچىنچى، — دېدى ئۇ.

—A. M، — دېدى ياك بوش ئاۋاز بىلەن.

—A. M، ئالېكساندىر مامېنت! — دېدى دېفارجمۇ پەس ئاۋاز بىلەن،—ئەمدى ماڭايلى. ئۇلار بۇ يەردىن كېتىشتىن ئىلگىرى كامېر ۋە ئۇنىڭدىكى جاھازلارنى، ھەربىر كىچىك كاتەك تۆشۈكىنىمۇ ـ ئىنچىكىلەپ ئاختۇردى. ئاندىن ئۇلار پەستىكى كىشىلەر توپى ئارىسىغا قايتىپ چۈشتى. ھازىر باستىلىيە تۈرمىسى ۋە تۈرمە ئەمەلدارلىرى خەلق قولىغا ئۆتكەنىدى، ئۇلار قىساس ئالماقچى، قانغا قان، جانغا جان ئالماقچى.

— بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، قەدىرلىك، — دېدى دېفارج ئايالىغا. بۇ 1789 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىدى. ماركىز ياشىغان ۋە گاسپارد ئۆلتۈرۈلگەن بۇ كەنتتە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ھەممە نەرسە — كەنت خەلقى، يەر، ئۆيلەر، چارۋىلار قېرىغان، ھالسىرىغان ۋە كەمتۈك، يوچۇن ئىدى، ئىلگىرى ھەممە ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەر ماركىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى ـ يۇ، ئەمما، ھېچقانداق ھەققە ئېرىشەلمەيتتى.

لېكىن، ئەمدىلىكتە بولسا ناتونۇش كىشىلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئايلىنىپ چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بۇ ناتونۇش كىشىلەر يەرلىك كىشىلەرگە ئوخشاشلا نامرات ئىدى،

ئەمما ئۇلار بىر يېڭى ئىدىيە — كۈچلەر ماركىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى ـ يۇ، ئەمما، ھېچقانداق ھەققە ئېرىشەلمەيتتى.

گاسپاردنىڭ خەۋىرىنى پارىژغا ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى يول ئاسىرىغۇچى يەنىلا يول ئاسرايتتى. بىر كۈنى ئۇ كەنت سىرتىدا يول ئاسراۋاتقاندا، بىر ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى.

— ياك، — دېدى ھېلىقى ناتونۇش كىشى يول ئاسىرىغۇچىنىڭ قولىنى سىققان ھالدا بۇرۇلۇپ تاغدىكى

ماركىزنىڭ قورغىنىغا قاراپ.

— بۈگۈن ئاخشام، ياك، — دېدى ئۇ ئادەم، — يەنە بىر ئادەم مۇشۇ يەردە مەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى كېچە بەك قاراڭغۇ بولۇپ، قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. تۆت ئادەمنىڭ ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي ئاستا ـ ئاستا قەلئەگە قاراپ كېتىۋاتـ قانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قەلئە قاپقاراڭغۇ كېچىدە يالقۇن ئىچىدە يېنىپ، ئۆزىنى نامايان قىلدى، ئىس ـ تۈتەك ۋە يالقۇن قەلئەدىن كۆك قەھرىگە ئۆرلىدى. گابېل ئەپەندى: «ۋايجان، قۇتقۇزۇڭ ـ لار!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، ئەمما، كەنتتىكىلەردىن ھېچقايسىنىڭ كارى بولماي قاراپ تۇرۇشۇۋەردى، مار ـ كىزنىڭ بۇ قەلئەسىنى قۇتقۇزۇشقا ھېچكىم بارمىدى.

## قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش

فرانسىيىدىكى بوران ـ چاپقۇن يەنىلا داۋاملاشماقتا. فرانسىيە پۇقرالىرى ھوقۇقتا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئۇلار ئەمدى ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى. قەلئە كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. قانۇن ئۆزگەرتىلدى، ھوقۇق ۋە كۈچىنى ئىشلىتىدىغان ئاقسۆڭەكلەر ئۆلدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى قورقۇنچلۇق بولغان يېڭى جان ئېـ لىش ماشىنىسى — مويتۇگىزىدا چېپىپ تاشلاندى. پا ـ

رىڭدا پادىشاھ تۇرمىگە تاشلاندى. فرانسىيە خەلقى، 1792 ـ يىلى ئۇنىڭ كاللىسىنى مويىتوگىزىدا چاپتى. فرانسىيەدە بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ ئىلىپ بېرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولدى، ئەمما قورقۇنچ ـ ۋەھىمە يەنە تېخىمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە داۋاملىشىدىغاندەك تۇراتتى.

پۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆلمىگەن، ئۇ- لارنىڭ بەزىلىرى ئەنگلىيىگە قېچىپ كەتكەنىدى، بەزى- لىرى بۈيۈك ئىنقىلاب باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئۆزلىرى- نىڭ پۇللىرىنى لوندونغا ئاپىرىۋالغان ياكى ئەۋەتىۋەتكەن ئىكەن.

تېلسىن بانكىسى فرانسىيە كۆچمەنلىرىنىڭ سو- رۇنىغا ئايلانغان، ھازىر ئۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە توپلىنىپ، فرانسىيىدىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغان ۋە مۇلاھىزە قىلىدىغان جايى بولۇپ قالغانىدى.

8 ـ ئايدىكى ھاۋا نەم بىر كۈنى، لائوري ئەپەندى ئۆزىنىڭ بانكىدىكى ئىشخانىسىدا چارلېز دانىي بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. دانىي توي قىلغاندىن كېيىن، كى- چىك لۇسى ئىسىملىك بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن، ھازىر ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. مامېنت دوختۇرنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بۇ ئىللىق ئائىلى- نىڭ تۆۋرۈكى لۇسى كىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان قىز، ئايال، ئانا ۋە دوست بولۇپ كەلدى، ئىلگىرىكى ناچار تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن

سىدنىي كاردىنمۇ بۇ ئائىلىنىڭ دوستى، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە ئۇ كىچىك لۇسىي ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى.

دەل شۇ مىنۇتلاردا، چارلىز دانىي ئۆزىنىڭ كونا دوستى لوررى ئەپەندىنى فرانسىيىگە بارماسلىققا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆندۈرۈۋاتاتتى:

— ئۇ يەرگە بارسىڭىز بەك خەتەرلىك، ھاۋامۇ ياخ-شى ئەمەس، يولمۇ ناچار، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلى ياشى-نىپ قالدىڭىز!

— قەدىرلىك چارلىز، — دېدى بانكىر، — سىز مې-نى 80 ياشقا يېقىنلىشىپ قالدىڭىز، بەكلا ياشىنىپ قالدىڭىز دېمەكچى، ئەمما، بۇ دەل مېنىڭ چوقۇم بېرى-شىمدىكى سەۋەب. مەن تەجرىبىلىك ھەم كەسىپ ئەھلى. مېنىڭ خىزمىتىم خېرىدارلىرىمىزغا خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھۆججەتلەرنى تېپىش ۋە ئۇنى يىغى-ۋېلىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە، جېررى كرانچېر مەن بىلەن بىللە بارىدۇ، ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ.

— مەنمۇ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى دانىي خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا، — مېنىڭ فرانسىيە خەلقى-نىڭ تەقدىرىدىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ، بەلكىم مېنىڭ ئۇلارغا ياردىمىم تېگىپ قېلىشى مۇمكىن. تۈنۈگۈن كېچە مەن لۇسىي بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا...

— لۇسىي بىلەن سۆزلەشكەندە، — دېدى لائورىي ئە-

پەندى تەكرارلاپ، — فرانسىيىگە بېرىشنى سۆزلەشكەندە، سۆيۈملۈك ئايالىڭىزنىمۇ كۆزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك. سىز بارسىڭىز بولمايدۇ، سىز بۇ يەردە ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشىڭىز كېرەك.

— بولىدۇ، ئەمىسە مەن بارماي. ئەمما سىز بارىمەن دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز، -مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن.

دەل شۇ چاغدا، بانكىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كونىراپ كەتكەن، ئەمما ئاغزى ئېچىلمىغان بىر كونۋېرتنى لائورىي ئەپەندىنىڭ ئۈستىلىگە قويدى. دانىي شۇ پەيتتە كونۋېرتتىكى ئىسىمنى كۆرۈپ قالدى.

كونۋېرتقا: لوندون، تېلسىن بانكىسى، ماركىز ئېفرىموندقا تېگىدۇ دەپ يېزىلغانىدى. دانىينىڭ تاغىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىسىم دانىينىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ لۇسىي بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن كۈنى بۇ ئەھۋالنى مانېت دوختۇرغا ئېيتقان. دوختۇر ئۇنىڭ ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇشقا ماقۇل بولغانىدى. شۇڭا، ھەتتا لۇسىي بىلەن لائورىي ئەپەندىمۇ بۇ ئىسىمنى بىلمەيتتى.

— بىز بۇ ماركىز جانابنى تاپالمىدۇق، — دېدى ئۇ خىزمەتچى.

— مەن ئۇنى نەدىن تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى دانىي، — بۇ خەتنى مەن يەتكۈزۈپ بەرسەم بولامدۇ؟

— ئۇنداقتا، بەك ياخشى بولىدىغان بولدى، — دېدى لائورىي ئەپەندى.

دانىي بانكىدىن چىقىپلا خەتنى ئاچتى. خەتنى گابىل ئەپەندى يازغان بولۇپ، ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ پارىژغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*سابىق ماركىز ئەپەندى:*

*مەن ھازىر تۈرمىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، مېنىڭ جىنايىتىم فرانسىيىدىن قېچىپ كەتكەن بىر پومېشچىك ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىقىم بولدى. سىز ماڭا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىل، ئۇلارغا قارشى چىقما، دېگەن ئىدىڭىز، مەن شۇنداق قىلدىم، ئەمما ماڭا ھېچكىم ئىشەنمىدى، ئۇلار مېنى سەن قاچقۇنغا خىزمەت قىلىپسەن، قاچقۇن ھازىر نەدە، دېدى. ئەپەندى، ماڭا ياردەم قىلىڭ، سىزدىن ئۆتۈنىمەن!*

قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىنغان بۇ مۇراجىئەت دانىينى ناھايىتى بىئارام قىلدى، ماركىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ گابىلغا ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن خەلققە ياردەم قىل، دېگەنىدى. ئەمما گابىل بىر ئاقسۆڭەككە ياللىنىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھازىر تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ. دانىي ئۆزىنىڭ چوقۇم پارىژغا بېرىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئۇ مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كەنتىمدىكى

خەلقلەرگە خەلقلەرگە ياردەم قىلغان، شۇڭا، ماڭا ھېچ-قانداق خەۋپ - خەتەر كەلمەيدۇ دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزلىرى-نىڭ كونا خىزمەتكارىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشە-نەتتى.

شۇ كۈنى، چارلېز دانىي كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئىك-كى پارچە خەت يازدى، بۇ خەتلەرنىڭ بىر پارچىسى ئا-يالى لۇسىغا، يەنە بىر پارچىسى قېيناتىسى مامېنت دوختۇرغا يېزىلغانىدى. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ نەگە ۋە نېمە ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى، فرانسىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلارغا خەت يازىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن خوشلاشمايلا كې-تىپ قالغانلىقىنى يازغانىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇماڭىدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ پە-لانى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ئايالى ۋە قىزىنى سۆيۈپ قويۇپ، مەن ناھايىتى تېزلا قايتىپ كېلىمەن دېدى - دە، پارىژ سەپىرىگە ئاتلىنىپ كەتتى.

فرانسىيىگە بارغاندىن كېيىن، دانىي ئۆزىنىڭ پارىژ سەپىرىنىڭ ناھايىتى ئاستا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. يول ناھايىتى ناچار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر شە-ھەر - بازار، ھەربىر يېزا - كەنتتە مىلتىق كۆتۈرگەن پۇقرالار يولدا توسۇپ، ھەرقانداق يولۇچىنى تەكشۈرەت-تى، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتى ياكى تۈرمىگە ئاپىرىپ بېرەتتى؛ كەلگەن يېرىگە قايتۇرۇۋېتەتتى ياكى نەزەربەند قىلىپ ئېلىپ ماڭاتتى.

بۇلار ھەممىسى ئەركىنلىك نامى بىلەن ئىپ بىرلىشۋاتقان ئىشلار، فرانسىيىنىڭ يېڭىچە ئەركىنلىكى ئىدى.

دانىي پارىژغا بېرىپ ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، بەلكى بىر ياخشى پۇقرا ئىكەنلىكىنى ئىسپات-لاشتىن بۇرۇن ھەرگىز قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلىكتە تونۇپ يەتتى.

فرانسىيىگە يېتىپ بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى ئاخ-شىمى بىر ئەمەلدار ۋە ئۈچ قوراللىق كىشى ئۇنى تۇر-تۇپ ئويغاتتى.

— كۆچمەن، — دېدى ئۇ ئەمەلدار، — بىز سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ پارىژغا ئاپىرىمىز.

— ئەپەندىم، مەن پارىژغا بارماقچى، ئەمما، مېنى بىرەرسىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

— ئاغزىڭنى يۇم! جىم تۇر، ئاقسۆڭەك! — قىزىل قالپاقلىق بىر كىشى ھۆركىرەپ مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇنىڭ كارىۋىتىغا نوقۇدى.

— بۇ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ گېپى توغرا، سىلى ئاقسۆ-ڭەك، سىلىنى چوقۇم مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىمىز، سىلى قوغداش ھەققى تۆلەشلىرى كېرەك! — دېدى ھې-لىقى ئەمەلدار قورقۇمسىرىغان ئاۋاز بىلەن.

— مېنىڭ تاللاشقا باشقا ئىمكانىيىتىم يوقمۇ؟ —

دېدى دانىي.

— تاللاشقا؟ قارا بوُنىڭ گېپىگە! — دېدى يەنە ھې-لىقى قىزىل قالپاقلىق، — خوُددى دارغا ئېسىلمىسا ئېتىبار بېرىلمىگەن بولىدىغاندەك گەپ قىلغىنىنى بوُنىڭ!

— بوُ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ گېپى توغرا، —دېدى ھېلىقى ئەمەلدار، — ئورۇُنلىرىدىن تۇرۇُپ كىيىملىرىنى كىي-سىلە، كۆچمەن!

دانىي ئۇُلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئۇ تاڭ سەھەر سائەت ئۇُچتە مۇُھاپىزەتچىلەر بىلەن پاتقاقلىق يولغا چۇُشتى.

ئەمما، ئۇُلار بوُفار بازىرىغا كەلگەندە، نوُرغوُن كى-شىلەر ئولىشىپ كېلىپ: «كۆچمەنلەرنى يوقىتايلى!» دەپ قاتتىق ۋارقىراشتى.

ئۇُ توختاپ ئاتتىن چۇُشمەكچى بولدى - يوُ، ئەمما يەنە ئەڭ بىخەتەر جاي بولغان ئات ئۇُستىدە چىڭ ئول-تۇُرۇُپ:

— كىم كۆچمەن ئىكەن، دوستلار؟ مەن فرانسىيىگە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن كەلگەن، بىلەمسىلەر؟ — دېدى.

— ھوُ لەنىتى كۆچمەن! — دېدى قولىدا بولقا كۆ-تۇُرۇُۋالغان بىر ئات تاقىلىغۇُچى كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ، غەزەپ بىلەن ئۇُنىڭغا دېۋەيلەپ

— ھۇ لەنىتى ئاقسۆڭەك!

ئۆتەڭ باشلىقى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، نەسىھەت قىلدى:

— ئۇنى قويۇپ بېرىڭ، قويۇپ بېرىڭ! ئۇ پارىژغا بارغاندا سوتلىنىدۇ.

— سوتلاش كېرەك! — دېدى ئات تاقىلىغۇچى بولۇپ قېپسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ.

— توغرا، ئۇنى ۋەتەن خائىنى دەپ سوتلاش كېرەك، — دەپ چۇقان سېلىشتى بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ.

—دانىي ئاتنى يېتىلەپ قورۇغا ماڭغان ئۆتەڭ باشلىقىنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرغاندا، ئۇ:

— دوستلار، سىلەر خاتالىشىۋاتىسىلەر، مەن ۋەتەن خائىنى ئەمەس، — دېدى.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! — دېدى ھېلىقى تۆمۈرچى ۋارقىراپ، — يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ سەن ۋەتەن خائىنى دەپ قارىلىسەن. سەن خەلققە خۇن تۆلىشىڭ كېرەك! سېنىڭ ئۇ لەنىتى جېنىڭ ئەمدى ئۆزۈڭگە مەنسۇپ ئەمەس!

— دانىي بۇ كىشىلەرنىڭ دەرھال ئۆزىگە ئېتىلىپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۆتەڭ باشلىقى دەرھال ئاتنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردى ـ دە، دەرۋازىنى

تاقىۋالدى.

— باياتىن ھېلىقى تۆمۈرچى ئېلان قىلىندى دېگەن قانۇن قانداق قانۇن؟ — دېدى دانىي ئۆتەك باشلىقىغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن.

— قاچقۇنلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدا ھەقىقەتەن بىر قانۇن ئېلان قىلىندى.

— ئۇ قاچان ماقۇللانغان؟

— 14 ـ چېسلا.

— بۇ دەل مەن ئەنگلىيەدىن ئايرىلغان كۈن.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ پەقەت ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قانۇنلارنىڭ بىرى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گەرچە ھازىرغىچە تېخى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە يەنە بەزى قانۇنلار ئېلان قىلىنىدىكەن. بۇ قانۇنلاردا كۆچمەنلەر چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، قايتىپ كەلگەنلىرىگە بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بار ئىكەن، بايا ئۇنىڭ سىزنىڭ جېنىڭىز ئۆزۈڭىزگە مەنسۇپ ئەمەس دېگىنى ئاشۇ گەپ.

— بىراق، ئۇنداق قانۇن تېخى ئېلان قىلىنمىغاندۇ؟

—بۇنى مەن بىلمەيمەن! — دېدى ئۆتەك باشلىقى مۈرىسىنى چىقىرىپ، — بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھازىر بولمىسا، كېيىن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ بەرىبىر ئوخشاش، ئازراق بىرنەرسە يەمسىز؟

ئۇلار بالىخانىدىكى بىر دۆۋە قۇرۇق ئوت ئۈستىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىدى. پۈتۈن بازاردىكىلەر ئۇيقۇغا غەرق بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئاتلىق يولغا چىقتى.

ئۇلار تاڭ يورۇغاندا، پارىژ شەھەر سېپىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار سېپىل دەرۋازىسىغا كەلگەندە، دەرۋازا تاقاقلىق، مۇھاپىزەت ناھايىتى قاتتىق ئىدى.

— گۇناھكارنىڭ كىنىشكىلىرىچۇ؟ — دېدى قاراۋۇل چاقىرىپ چىققان، تۇرقىدىن ھوقۇقداردەك كۆرۈنىدىغان كەسكىن بىر ئادەم.

چارلېز دانىي قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان بۇ گەپنى ئاڭلىدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بىر ئەركىن ساياھەتچى، فرانسىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، يوللاردىكى ۋەزىيەت ناھايىتى تىنچسىز بولغاچقا، قوغداش ھەققى تۆلەپ ئۆزىنى قوغدىتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدى.

— گۇناھكارنىڭ كىنىشكىلىرى قېنى؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ گېپىگە زادىلا پەرۋا قىلماي، — كىنىشكىلىرى قېنى؟

ئەمەلدار دانىينىڭ كىنىشكىلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈۋاتقاندا، ئۇ ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كىنىشكا ۋە ئىسپاتلار ئۇنىڭ فرانسىيىگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، بىر ئەمەلدار گابېلىنىڭ

خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ دانىيغا قارىدى، — ھېچنېمە دېمىدى. يەنە بىر ئەمەلدار قوپاللىق بىلەن:

— سەن ئېفرىموندمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى دانىي.

— سەن لافورسى تۈرمىسىگە قامىلىسەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى دانىي، — قايسى قانۇنغا ئاساسەن؟

— بىزدە يېڭى قانۇن بار، ئېفرىموند، — دېدى ھېلىقى ئەمەلدار قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — كۆچمەنلەرنىڭ ھوقۇقى يوق، سەن مەخپىي قامىلىسەن، ئۇنى ئېلىپ كېتىڭلار!

دانىي ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرىنچى ئەمەلدار پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز مامېنت دوختۇرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان ھېلىقى كىشىمۇ؟

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بەردى دانىي ھەيران بولغان ھالدا.

— مېنىڭ ئىسمىم دېفارج، سان ئانتونىدا مەيخانا ئاچىمەن، بەلكىم مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىغان بولغىيىتىڭىز؟

— ھەئە، ئايالىم سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ دادىسىنى ئىزدەپ تېپىپ كەپتىكەن.

— سىز نېمىشقا فرانسىيىگە قايتىپ كەلدىڭىز؟ بۇ سىز ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك!

دانىي لافورسى تۈرمىسىدىكى سوغۇق، چوڭ بىر كامېرغا قامالدى. كامېرنىڭ دېرىزىسىگە تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلىپ، ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىندى. ئۇ مامنېت دوختۇرنىڭ باستىلىيە تۈرمىسىدە ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزى يالغۇز ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان ھالدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئەمدى مەنمۇ تىرىك كۆمۈلىدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

## پۇقرالارنىڭ قولىدا

پارىژدىكى تېلسىن بانكىسى دەريانىڭ جەنۇبىدىكى بىر بىنادا بولۇپ، شەھەر مەركىزىگە يېقىن ئىدى. لا-ئورىي ئەپەندى چارلېز دانىيدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن پارىژغا كەلگەن بولۇپ، ھازىر بانكىنىڭ بىناسىدا تۇرۇ-ۋاتاتتى. بىر كۈنى گۇگۇم پەيتىدە، لائورىي ئەپەندى دې-رىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى، بىرقانچە كىشى ناھايە-تى چوڭ بىر بىلەي تاشنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ، بىنا ئالدىدىكى مەيدانغا قويدى. بىر توپ كىشى تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ - جارقىرىشىپ كېلىپ تاشنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار بەس - بەس بىلەن قولدىكى قىلىچ، خەنجەر،

پالتىلىرىنى بىلەشكە كىرىشتى. بۇ تىغلار قان بىلەن بويالغان تىغلار ئىدى. لائورىي ئەپەندى قوللىرى تىترد-گەن ھالدا دېرىزىنى يېپىۋالدى.

ئۇ ئەسلىدە پەسكە چۈشۈپ بانكىنىڭ قاراۋۇلى بىـ-لەن پاراڭلاشماقچى ئىدى، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، لۇسىي ۋە ئۇنىڭ دادىسى جىددىيچىلىك ئىـ-چىدە كىرىپ كەلدى.

— لۇسىي خانقىز! مامېنت دوختۇر! نىمە ئىش بولدى، نېمە بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭلار؟ — دېدى لائورىي ئەپەندى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

— چارلېز ھازىر پارىژدا، — دېدى لۇسىي يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، — ئۇ بۇ يەرگە بىر كونا خىزمەتكارىنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن، ئەمما ھازىر ئۆزى تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئا-ۋازلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

— نېمە قىيا ـ چىيالار بۇ؟ — دېدى دوختۇر.

— سىرتقا قارىماڭ! — دېدى لائورىي ئەپەندى يۇقىـ-رى ئاۋازدا.

— دوستۇم، — دېدى دوختۇر، — پارىژدا مەن بىخە-تەرمەن. مەن باستىلىيە تۈرمىسىگە قامالغان مەھبۇس، ھەممە ئادەم مېنى ۋە مېنىڭ قانداق ئازاب چەككەنلىـ-كىمنى بىلىدۇ، كىشىلەر ماڭا ياردەم قىلىشنى خالايدۇ،

چارلىزنىڭ خەۋىرىنى ماڭا شۇلار يەتكۈزگەن.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ سىرتقا قارىماڭ. چارلىز ھازىر نەدە؟

— لافورسى تۇرمىسىدە ئىكەن.

— لافورسى تۇرمىسىدە ئىكەن ـ دە! قەدىرلىك لۇ-سي، بۈگۈن ئاخشام سىز ھېچقانداق ئامال قىلالمايسىز، ھازىرچە سىز باشقا ئۆيگە چىقىپ ساقلاپ تۇرسىڭىز، مەن دادىڭىز بىلەن ھازىرلا سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ.

لۇسي لائورىينى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— مامىنىت دوختۇر، تېز بولۇڭ، — دېدى لائورىي ئەپەندى، — سىرتتىكى قوللىرىغا قان تامچىپ تۇرغان قىلىچلارنى ئالغان بۇ كىشىلەر ھازىر بېرىپ تۇرمىگە قامالغان جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى. ئەگەر سىزنىڭ ھەققەتەن شۇنداق داڭقىڭىز بولسا، شۇنداق كۈچىڭىز بولسا، دەرھال بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ. ئاندىن لافورسى تۇرمىسىگە بېرىڭ. بولۇڭ، ھازىر بارسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز!

مامىنىت دوختۇر دەرھال چىقىپ كەتتى. لائورىي ئە-پەندى دېرىزىدىن قاراپ تۇرۇپ، دوختۇرنىڭ كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ: «باستىلىيە تۇرمىسىگە قامالغان مەھبۇس ياشىسۇن! ئۇنىڭ لافورسى تۇرمىسى-دىكى دوستىغا ياردەم قىلايلى!» — دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى

ئاڭلىدى.

لائورىي ئەپەندى لۇسىنىڭ قېشىغا چىقتى. لۇسىي قىزى ۋە پلوس خانقىزلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار بىر-لىكتە بىر كېچە خەۋەر كۈتتى، ئەمما ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى.

لائورىي ئەپەندى ئەتىگەن چىقىپ، بانكىنىڭ يېنىدى-كى بىر چوڭ كوچىنىڭ خىلۋەت يېرىدە لۇسىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئۆي تاپتى.

ئۇ جېررى كرانچېرنى ئۇ يەرگە قاراشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دەرھال بانكىغا قايتىپ كەلدى. كەچ كىرگەن پەيتتە، بەستلىك ۋە سۇرلۇك بىر ئادەم ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— مەن دېفارج بولىمەن، مەن مانېتت دوختۇرنىڭ قېشىدىن كەلدىم، ئۇ ماڭا بۇنى بەرگەن، — دېدى دېفارج ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى ئۇزىتىپ.

خەتتە: *«چارلېز بىخەتەر تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما، ھازىرچە مەن بۇ يەردىن كېتەلمەيدىكەنمەن. دېفارجنى لۇسىي بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ، مانېتت»* دەپ يېزىلغانىدى.

— ئارقامدىن مېڭىڭ! — دېدى لائورىي ئەپەندى خۇ-شاللىق بىلەن. ئۇلار بىنادىن چۈشكەندە، دەرۋازىدا دېفارج خانىمنى كۆردى. ئۇ يەنىلا بىر نەرسە توقۇۋاتاتتى. دېفارج خانىم ئۈندىمەي ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى، لائورىي ئەپەندى ئۇلارنى لۇسىلار تۇرغان ئۆيگە باشلاپ كەلدى.

دېفارج لۇسىغا ئىرىنىڭ بىر پارچە خېتىنى بەردى.

*«سۆيۈملۈكۈم، باتۇرراق بولۇڭ، مەن ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. دادىڭىزنىڭ بۇ يەردە خېلى تەسىرى بار ئىكەن. سىز ھەرگىز ماڭا خەت ئەۋەتمەڭ، مېنىڭ ئورنۇمدا قىزىمنى سۆيۈپ قويۇڭ!»*

بۇ گەرچە ناھايىتى قىسقا خەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ لۇسىي ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەردىن دېرەك بېرەتتى. لۇسىي مىننەتدارلىق بىلەن دېفارج ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ قولىنى سۆيدى. دېفارج خانىم ئۈندىمىدى، ئۇنىڭ قولى مۇزدەك سوغۇق ۋە ئېغىر ئىدى، لۇسىي ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى.

پلوس خانقىز بىلەن كىچىك لۇسىي كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئۇنىڭ قىزىمۇ؟ — دەپ سورىدى دېفارج خانىم توقۇۋاتقان ئىشىدىن توختاپ، ئۇ كىچىك لۇسىغا تىكىلىپلا قالغانىدى.

— شۇنداق، خانىم، — دېدى لائورىي ئەپەندى، — ئۇ ئاشۇ بىچارە تۇتقۇننىڭ قىزى.

— بولدى، دېفارج، — دېدى دېفارج خانىم، — ئەمدى ماڭايلى! — ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قولىغا ئوخشاش سوغۇق سېزىلەتتى.

— مېنىڭ ئېرىمگە ئوبدانراق مۇئامىلە قىلارسىزمۇ؟ — دېدى لۇسىي ئەنسىرىگەن ھالدا، — مەن بىر ئايال ۋە ئانىنىڭ نامى بىلەن سىزدىن سەمىمىي ئۆتۈنىمەن.

— بىز نۇرغۇن ئاياللار ۋە ئانىلارنى بىلىمىز، — دېدى دېفارج خانىم، — يەنە نۇرغۇن ئەرلەر ۋە دادىلارنىڭ تۈرمىلەرگە كۆپ يىل قامالغانلىقىنى كۆرگەنمىز. شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئالدىدا، ئۇلارغا يەنە بىرسىنىڭ قوشۇلۇشى قانچىلىك ئىش ئىدى؟

دېفارج ئەر ـ ئايال كەتكەندىن كېيىن، لۇسې ئۆزىنى لائورىي ئەپەندىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— پارىژدا بۇ ئايالدىن قورقۇنچلۇق ئادەم يوق ئى-كەن، — دېدى لۇسې پەس ئاۋاز بىلەن. لائورىي ئەپەندى لۇسېنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى ئۈندىمىدى، بىراق ئۇمۇ ناھايىتى ئەنسىرەپ قالدى.

بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دوختۇر تېخىچە لافورسىدىن قايتىپ كەلمىدى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە بىر مىڭ بىر يۈز تۇتقۇن قەتلى قىلىندى. تۈرمىدە مانېنت دوختۇر خەلق كۆرسەتكەن سوتچىلاردىن تەش-كىللەنگەن بىر سوت ھەيئىتى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ سوتچىلار ئۆزلىرى تۇزگەن قانۇن بويىچە گۇناھكارلارنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ، خەلقنىڭ جازا بېرىشىگە تاشلاپ بېرەتتى. مانېنت دوختۇر سوت ھەيئىتىگە ئۆ-زىنىڭ باستىلىيە تۈرمىسىدە 18 يىل ياتقانلىقىنى، ھازىر بولسا ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىنىڭ لافورسى تۈرمى-سىگە قاماقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سوت ئۆمىكى چار-لىز دانىينى كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن

قوغداپ قېلىشقا قوشۇلدى. ئەمما، ئۇلار دانىنىڭ تۇر-مىدىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

بۇ قاباھەتلىك كۈنلەردىكى تۇرمۇش مامېنت دوخ-تۇرنى تېخىمۇ قەيسەر، ئىرادىلىك قىلىپ قويغانىدەك تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈيئوغلىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. ئۇ ھەمىشە دانىنى كۆرۈپ تۇرا-لايتتى. ئەمما يېڭى فرانسىيە پۇقرالىرى ئاقسۆڭەكلەر ۋە كۆچمەنلەرگە ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولغاچقا، دوختۇر دانىنى تۇرمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقال-مىدى. يېڭى قاتىللىق ماشىنىسى بولغان مويتۇڭزا نۇرغۇنلىغان چوڭ ئەمەلدارلار، بايلار ۋە مۇشتۇمزورلار-نىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاق كۆڭۈل، گۇناھسىز كىشىلەرمۇ شۇ قاتاردا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. لۇسى ئېرىنىڭ ھايات قالىدىغانلىقى ياكى ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھەربىر كۈن، ھەربىر مىنۇتنى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ دادىسى ئۆز كۈيئوغلىنى قۇتقۇزۇپ چىقا-لايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى، دانى تې-خىچە تۇرمىدە يېتىۋاتاتتى. مامېنت دوختۇر ھازىر ھۆ-كۈمەتتە ئۈچ تۇرمىدە دوختۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىزمەتكە قويۇلدى. شۇڭا ئۇ دائىم دانىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى. ھازىر ئاشۇ قارام، قوپال ئىنقىلابچىلار ئۇنى

بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما مويتۇڭ-زىدا يەنىلا كىشىلەرنىڭ كاللىسى چېپىلماقتا ئىدى.

— ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمە! چارلىزغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن، — دېدى دوختۇر قىزى لۇسىغا. ئەمما لۇسى ئۇنى كۆرەلمەيتتى، يوقلاپ بارالمايتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا خەتمۇ يازالمايتتى.

چارلېز دانىي سوت قىلىنىدىغان كۈنى، لۇسى ۋە مامېنت دوختۇر دەرھال تېلسىن بانكىسىغا بېرىپ بۇنى لائورىي ئەپەندىگە ئېيتتى. ئۇلار سوتقا بارغاندا، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ سىدنىي كاردىن بولۇپ، لوندوندىن يېڭىلا كەلگەنىدى.

سوت ھەيئىتى بەش نەپەر سوتچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوت ناھايىتى ئاددىيلا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ سوتتا جاۋابكارلارنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي، سەمىمىي، قا-نۇنىي ھالدا ئاقلىشىغا يول قويۇلمايتتى. شۇڭا قىيا-چىيا قىلىشىۋاتقان كىشىلەرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، دانىينىڭ، زور كۆپچىلىك گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسى-نىڭ كاللىسى ئېلىناتتى. ئاشۇ كۈنى دانىينىڭ ئالدىدا 15 ئادەم سوراق قىلىنىپ، بىر يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋا-قىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

— چارلېز ئېفرىموند ھېلىقى ئۆزىنى دانىي دەپ ئاتىۋالغان ئادەم!

دانىي سوتچىلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، مامېنت دوختۇر ئۆزىگە قايتا ـ قايتا ئېيتقان نەسىھەتنى ئېسىگە ئالدى.

— چارلىز ئېفرىموند، سەن بىر كۆچمەن ئىكەنسەن! بارلىق كۆچمەنلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ، فرانسىيىنىڭ يېڭى قانۇنى.

— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالايلى! ئۇنى ئۆلتۈرەيلى! ئۇ خەلقنىڭ دۈشمىنى.

باش سوتچى ئۇنىڭدىن:

— سەن ئەنگلىيىدە كۆپ يىل تۇرۇپسەن، بۇ راستمۇ؟ —دەپ سورىدى.

— شۇنداق، راست! — دەپ جاۋاب بەردى دانىي.

— ئۇنداقتا، سەن كۆچمەن ئىكەنسەن!

— ياق، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇنداق ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى دانىي، — مەن ئەنگلىيىدە تىرىكچىلىك قىلدىم، ئەزەلدىن بەگلىك ئۇنۋانى ئالمىدىم ۋە ئۇنى قوللانمىدىم، بىچارە فرانسىيە خەلقىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش ئويىدىمۇ بولمىدىم، مەن ئەنگلىيىگە مۇشۇ مەقسەتتە بېرىپ تۇرمۇش كەچۈردۈم ۋە خىزمەت قىلدىم، بۇ ئىنقىلابتىن خېلى يىللار بۇرۇنقى ئىش.

— سەن ئەنگلىيىدە توي قىلدىڭمۇ؟

— شۇنداق، بىر فرانسىيىلىك قىز بىلەن توي قىلدىم، ئۇ مامېنت دوختۇرنىڭ قىزى. مامېنت دوختۇر باستىلىيە تۈرمىسىگە قامالغان گۇناھكار، ئۇ بارلىق ياخشى يۇقىرالارنىڭ داڭلىق دوستى.

بۇ سۆز كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى، ھېلىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دەپ ۋارقىراشقان كىشىلەر ئەمدى يەنە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ دەپ ۋارقىراشتى. ئارقىدىن گابېل ئەپەندى ۋە مامېنت دوختۇرلار چارلىز دانىي ئۈچۈن سۆزلىدى. دوختۇر ناھايىتى ياخشى ۋە ئېنىق سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، سوتچىلار بۇ تۇتقۇننى قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. كىشىلەرمۇ ۋارقىرىشىپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇنى ئولتۇرغان ئورۇندۇقى بىلەنلا كۆتۈرۈپ پارىژ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ مامېنت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويدى. لۇسي ئۆيدە ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. لۇسي ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئېرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقاندا، بۇ يەرگە كەلگەن ئەر ـ ئاياللار خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرى بىلەن سۆيۈشۈپ كەتتى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشتى. دانىي بىلەن لۇسي يەنە بەختلىك ھالدا جەم بولدى.

— مەن سىزگە سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن دې-گەن، —دېدى لۇسېنىڭ دادىسى مەغرۇرلۇق بىلەن، — مانا مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىم، ئەمدى ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق.

ئەمما، لۇسى يەنىلا ئەندىشە قىلىۋاتاتتى، چۈنكى، نۇرغۇن گۇناهسىز ئەر ـ ئاياللار ئاساسسىزلا ئۆلتۈرۈل-گەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە هەر كۈنى يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلمەكتە ئىدى. فرانسىيىنى ۋەهىمە ۋە ئۈچمەنى-لىك كۆلەڭگىسى قاپلىغان، هېچكىم ئەتە ئۆز بېشىغا نېمە خەتەرلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

چارلىز تېخى زۆرۈر گۇۋاهنامە، ئىسپاتلارنى ئالال-مىغاچقا، هازىرچە فرانسىيىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلار هازىرچە پەقەت جىمجىتلا كۈن ئۆتكۈزۈشى، ئۇمى-دىنى فرانسىيىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكىلا باغلى-شى كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە مامېنت دوختۇر، چارلىز ۋە لۇ-سېلار بىللە ئولتۇرغاندا، ئىشىك ناهايىتى قاتتىق چې-كىلدى.

— بۇ كىمدۇ؟ — دېدى لۇسى تىترەپ تۇرۇپ، — چارلىزنى يوشۇرۇپ قويايلى، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالايلى!

— بالام، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقتىم، ئۇ هازىر ئەركىنلىككە چىققان ئادەم، — دېدى دوختۇر.

ئەمما، دوختۇر ئىشنى ئاچقاندا، بەستلىك تۆت ئادەم ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى:

— ئېفرىموند قېنى؟ ئۇ يەنە خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندى!

— مانا مەن! — دېدى دانىي، — ئەمما، مەن نېمىشقا يەنە گۇناھكار بولۇپ قالدىم؟

— سان ئانتونىدىكى پۇقرالار ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلدى.

مامېنت دوختۇر ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ خۇددى بىر ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەمما، بىردەمدىن كېيىن ئۇ تۆيۇقسىزلا:

— كىمنىڭ مېنىڭ كۈيئوغلۇمنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسلىدە بۇنى ئېيتىپ بېرىشكە بولمايتتى، — دېدى ئاردىن بىرى، — ئەمما، ئېفرىموند، يەنى ئاتال-مىش دانىي، سېنىڭ ئۇستۇڭدىن دېفارج ئەپەندى ۋە ئۇ-نىڭ خانىمى ھەمدە يەنە باشقا بىر كىشى شىكايەت قىلدى.

— يەنە بىر ئادەم كىم ئۇ؟

— بۇنى ئەتە بىلىسەن! — دېدى ئۇ ئادەم.

## جاسۇس

بۇ ئىش يۇز بېرىۋاتقاندا، پلوس خانقىز بىرنەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، جېررى كرانچېرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلار بىر مەيـ-خانىغا كىرگەنىدى. پلوس خانقىز بىر خېرىدارنى كۆ-رۈپ تۇيۇقسىز توختاپ، ۋارقىراپ ئۇنى چاقىردى:

— هوي، سولومىن، قەدىرلىك سولومىن، ئاخىر سېنى تاپتىم. قەدىرلىك ئۇكام، قانداق بولۇپ پارىژغا كېلىپ قالدىڭ؟

— مېنى سولومىن دېمە، بېشىمغا چىقىسەن! مەن پۇلنى تۆلىۋېتىپ ئاندىن چىقاي، — دېدى ھېلىقى ئەر قورققىنىدىن پەس ئاۋاز بىلەن.

ئۇلار سىرتقا چىقتى.

— بۇ يەردە ھەرگىز مېنى تونۇيدىغانلىقىڭنى ئېيتما! — دېدى ئۇ ئەر، — بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. سەن ئۆز يولۇڭغا ماڭ، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭىمەن.

ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىگە يات سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پلوس خانقىز يىغلاپ تاشلىدى. جېررى كراند-چېر ئالدىغىراق ئۆتۈپ، بۇ ئەرگە سەپسالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى جېررى، — سىز يوھان سولومىنمۇ ياكى سولومىن يوھانمۇ؟ ئاچچىڭىز سىزنى سولومىن دەۋاتىدۇ، لېكىن سىزنىڭ ئىسمىڭىز يوھان، بۇ ھازىرغىچە مېنىڭ ئېسىمدە. ئەمما، جىنايى ئىشلار سوتىدا سىزنىڭ پەقەت ئىسمىڭىزلا يېزىلغان، ئۇ پلوس ئەمەس، نېمىدى؟

— بارساد، — دېدى بىرسى.

— ھەئە، بارساد، دەل مۇشۇ ئىسىم، — دەپ ۋارقىرىدى جېررى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سېدنىي كاردىنىنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھودۇقماڭ، قەدىرلىك پلوس خانقىز، — دېدى كاردىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — سىزگە ئېيتسام قوياي، ئىنىڭىز فرانسىيە تۈرمىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جاسۇس ئىكەن.

سولومىن پلوس، يەنى بارسادنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ راست ئەمەس.

— مەن سىنىڭ ئىزىڭغا چۈشكەن، بۈگۈن سىنىڭ كونسيېرجىرى تۈرمىسىدىن چىققىنىڭنى كۆردۈم. مەن سىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى كۆردۈم، مېنىڭچە، سەن ماڭا ياردەم قىلالايدىكەنسەن، مەن بىلەن بىللە لائورىي ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بارساڭ، — دېدى كاردىن.

قىسقا تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن، كاردىن غەلىبە قىلدى. بارساد ئۇنىڭ بىلەن بىللە لائورىي ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى.

ــمەن بىر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم،ــدېدى كاردىن لائورىي ئەپەندىگە،ــدانىينى يەنە تۇتۇپ كېتىپ-تۇ.

ــئەمما، ئىككى سائەت ئىلگىرىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىمغۇ؟ ئۇ شۇ چاغدا بىخەتەر ۋە ئەركىن ئىدىغۇ؟ــدېدى لائورىي ئەپەندى يۇقىرى ئاۋازدا.

ــشۇنداق بولسىمۇ، ئۇ تۇتۇپ كېتىلىپ كونسېيېرجىرى تۈرمىسىگە سولاپ قويۇلۇپتۇ. مامېنىت دوختۇرنىڭ شۆھرىتىنىڭ بۇ نۆۋەت ئۇنى قۇتقۇزالايدىغانلىقى ياكى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇڭا، بىز بارساد ئەپەندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك.

ــمەن سىلەرگە ياردەم قىلالايمەن،ــدېدى سېپىندىنى كاردىن،ــ بولۇپمۇ سىز ئۆزىڭىزگە دائىر ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياردەم قىلىسىز. بارساد ئەپەندى، سىز بىر جاسۇس ھەم گۇندىپايسىز، ئەنگلىيىدىمۇ جاسۇس بولغان. ھازىرمۇ ئەنگلىيىلىكلەرگە ياللىنىپ ئىشلەۋاتامسىز قانداق؟

ــسىزنىڭ گېپىڭىزگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ،ــ دېدى بارساد.

ــئەمما، مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتا

لايمەن. بارساد ئەپەندى،—دېدى كاردىن.

— بارسادقا كېلىدىغان ئاۋارىچىلىكلەر كاردىنىنىڭ بىلىدىغانلىرىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ئەنگلىيە ساقچىلىرى بارسادنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ يۈرگەچكە، ئۇ ئەنگلىلىيىگە قايتىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ فرانسىيىدە پۇقرالار ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىسىدە گۇندىپاي بولۇشتىن ئىلگىرى پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرىغا جاسۇسلۇق قىلغانىدى. ئۇ دېفارج خانىمنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ئايال بارسادنىڭ ئىسمىنى خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنىدى. دېفارج خانىمنىڭ تىزىملىكىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كاللىسى مويتۇغزىدا چېپىلدى، ئەمما بارسادنىڭ كاللىسى تېخى ئېلىنمايۋاتاتتى.

—مېنىڭچە، سىز ناھايىتى ئەنسىرەۋاتىسىز، بارساد ئەپەندى،—دېدى كاردىن تەمكىنلىك بىلەن.

كاردىن جاسۇس بارساد لائوريي ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ:

—پۇلوس خانقىز مېنىڭ ئاچام بولىدۇ، ئەپەندى. سىز ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەرسىزمۇ؟—دېدى.

—ئاچىڭىزغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ئىش، بارساد ئەپەندى،—كاردىن خاتىرجەملىك بىلەن،—سىزدەك مۇشۇنداق ئىنىسىنى كۆزدىن يوقىتىش. مەن سوت ھەيئىتىگە ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېيتىمەن، ئۇ چاغدا سىزنىڭ كاللىڭىز دەرھاللا ئېلىنىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى بارساد ئاستا، — مەن سىلەرگە ياردەم قىلاي، ئەمما مېنى ھاياتىمغا خەۋپ يېتىدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن.

— سىز كونسيېرجېرى تۈرمىسىدىكى گۇندىپاي، دانىي ئاشۇ تۈرمىدە، شۇنداقمۇ؟ كېلىڭ، بىز ياندىكى ئۆيدە ئىككىمىزلا پاراڭلىشايلى، — دېدى كاردىن.

كاردىن ئەپەندى ئۆزى يالغۇزلا قايتىپ كىرگەندە، لائورىي ئەپەندى ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار، دەپ سورىدى.

باشقا ھېچنېمە دېيىشمىدۇق، ئەتە ئەگەر دانىينىڭ ئەھۋالى ياخشى بولماي قالسا، بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلىدىغان بولدۇم. بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئىكەن، — دېدى كاردىن.

— بۇ ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ، — دېدى لائورىي ئەپەندى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا يىغلاپ.

— مەن ھېچقاچان بۇ ئىشىمىز ئۇنى قۇتقۇزالايدۇ دېمىدىم.

لائورىي ئەپەندى بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، سەممىي-سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ھازىر ياشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ لۇسى ۋە ئۇنىڭ دادىسىغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، كۆزلىرىگە لىق ياش كەلدى.

سېدنىي كاردىننىڭ كۆڭلىمۇ ناھايىتى بىئارام بولدى.

— سىز مامېنىت دوختۇر ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ دوستى. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىزنى ئۇلارغا ھەرگىز ئېيتماڭ، چۈنكى، بۇ لۇسىغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ، — دېدى كاردىن سەل توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە، — سىز يېقىندا لوندونغا قايتىپ كېتەمسىز؟

— ھەئە، بۇ يەردە بانكىدىكى خىزمىتىم تۈگىدى. قولۇمدىكى پارىژدىن كېتىشتە زۆرۈر بولغان ھەممە گۇۋاھنامە - ئىسپاتلار بار، مەن ئەتىلا يولغا چىقماقچى.

— ئۇنداق بولسا پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتمەڭ، — دېدى كاردىن جىددىي تەلەپپۇزدا.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سىدنىي كاردىن پارىژدىكى خىلۋەت بىر كوچىغا جايلاشقان بىر دورىخانىغا كەلدى. ئۇ بىر قەغەزگە بىر قانچە تالقان دورىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، دۇكان خوجايىنىغا بەردى.

— ئەپەندىم، بۇنى ئۆزىڭىز ئىشلىتەمسىز؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— شۇنداق، ئۆزۈم ئىشلىتىمەن.

— ئېھتىيات قىلىڭ، ئەپەندىم! بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي ئايرىم ساقلاڭ. بۇلار ئارىلىشىپ كېتىدىغان بولسا، نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقى ئۆزىڭىزگە ئايانغۇ دەيمەن!

— ناھايىتى ئايان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ پارىژ كوچىلىرىدا سەيلە قىلدى.ئاسماندا تولۇن ئاي نۇر چېچىپ تۇراتتى. شەھەر مەركىزىدىن ئېقىپ ئۆتكەن سېنا دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ تىنچ ھالدا ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلاندى. ئۇ بۇ شەھەردە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنى ئېسىگە ئال-دى.... لۇسىنىڭ مۇلايىم، سۆيۈملۈك چىرايىنى ھەمدە ئۇنىڭ غەمكىن، دەردلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەل-تۈردى.

## مەخپىي باغاقچە

ئەتىسى چارلىز دانىي سوت ھەيئىتى ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغاندا، مامېنت دوختۇر، لۇسې ۋە لائورىي ئەپەندىمۇ شۇ يەردە ئىدى. لۇسې ئېرىنى كۆرۈپ، قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولدى. بۇ، دانىينىڭ قەلبىنى كۆپ سۆيۈندۈردى. گەرچە ئارقىدا تۇرۇۋاتقان كاردىننى ھېچكىم كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، لۇسې سېدنىي كاردىندىمۇ ئوخشاشلا تەسىر پەيدا قىلدى.

بۇ ئالدىنقى كۈنى چارلىز دانىينى قويۇپ بەرگەن سوت ھەيئىتى ئىدى، ئەمما ئىنقىلابىي قانۇنىنىڭ قۇد-

رتى نىمىلا دېگەنبىلەن خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۇشەلمەيتتى.

سوت ھەيئىتىنىڭ باش سوتچىسى:

— چارلېز ئېفرىموندنى كىم قايتا ئەيىبلىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ ئادەم ئەيىبلىدى، بۇلار ئېرنىست دېفارج، ئۇنىڭ خانىمى تېرىسا دېفارج ۋە ئالېكساندىر مانېت دوختۇر.

مانېت دوختۇرنىڭ ئىسمى چىققاندا، زالدا قاتتىق قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. بۇ قىيا-چىيا بېسىلغاندا، مانېت دوختۇر ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى جاقىلداپ تىترەۋاتاتتى.

— باش سوتچى، بۇ ھەقىقىي ئەھۋال ئەمەس. ئەيىبلەنگۈچى چارلېز دانىينىڭ قىزىمنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، قىزىم ۋە ئۇنى سۆيىدىغان ئادەم مەن ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىدىنمۇ قەدىرلىك. مېنى قىزىمنىڭ ئېرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى دېگەن ئالدامچى قېنى؟

— مانېت ئەپەندى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى باش سوتچى، — بىر ياخشى پۇقرا ئالدىدا فرانسىيىنىڭ ئەركىنلىكىدىنمۇ مۇھىم بولغان ھېچنېمە يوق.

زالدا ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى، باش سوتچى

قوڭغۇراق چېلىپ، سۆزىنى يەنە ھاياجان بىلەن داۋام قىلدى:

— ئەگەر جۇمھۇرىيىتىمىز سىزدىن بالىڭىزنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلسا، سىزنىڭ چوقۇم شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار. تۆۋەندە ئېلىپ بېرىلىدىغان سوراقنى تىنچ ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن ئاڭلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

يەنە تەلۋىلەرچە ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. مامىنىت دوختۇر ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەتراپىغا قاراپ ئىدى، — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى. قىزى ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. سوت ھەيئىتى ئىچىدىكى ھېلىقى روھىي ھالىتى جىددىي، تەقەززالىق ئىچىدە ئولتۇرغان ئادەم قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئادەتتىكىدەك يەنىلا قولىنى ئاغزىغا ئاپاردى.

بۇ چاغدا، دېفارج ئەپەندى گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرتىلدى. سوت زالى ئۇنىڭ سۆزىنى كىشىلەر ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە تىنچ ھالەتكە كەلدى. ئۇ كىشىلەرگە ئىنقىلاب باشلىنىپ، ئاشۇ ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان باستىلىيە تۈرمىسى پۇقرالار تەرىپىدىن ئېلىنغاندا، ئۆزىنىڭ تۈرمە ئىچىگە قانداق كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىز باستىلىيە تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا، ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدىڭىزغۇ دەيمەن، ئەپەندى؟

— شۇنداق قىلدىم دەپ قارايمەن.

بۇ چاغدا، ھاياجانلىنىپ كەتكەن بىر ئايال توپ ئىچىدىن چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىز ئۇ يەردە ئەڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ بىرىغۇ، سىز نېمىشقا بۇلارنى دېمەيسىز؟ ئۇ كۈنى سىز توپچى بولغانغۇ؟ ئاشۇ لەنىتى قەلئە ئېلىنغاندا، سىز ئەڭ ئاۋۋال بۆسۈپ كىرگەنلەرنىڭ بىرىغۇ! ۋەتەنپەرۋەرلەر، مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىۋاتىمەن!

بۇ ئايال «قىساس ئىلاھەسى» دېفارج خانىم ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى ئىچىدە سوراققا مانا مۇشۇنداق ياردەملىشىۋاتاتتى. باش سوتچى قوڭغۇراق چالدى. ئەمما، «قىساس ئىلاھەسى» كىشىلەرنىڭ مەدەتىگە ئېرىشىۋاتقاچقا، غەيرىتى يەنىمۇ ئېشىپ، يەنە چىرقىرىدى:

— مەن بۇ قوڭغۇراققا بويسۇنمايمەن! — ئۇنىڭ بۇ سۆزى يەنە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

— باش سوتچىغا شۇ كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ باستىلىيە تۈرمىسىدە نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئەپەندى.

— مەن ئۇ چاغدا مانېت دوختۇرنىڭ شىمالىي بىنا 105 ـ نومۇرلۇق كامېرغا سولانغانلىقىنى بىلەتتىم، بۇ ئۇنىڭ 1775 ـ يىلى مەن ئۇنى كۆرگەن چاغدىكى

بىردىنبىر ئىسمى ئىدى. مەن ئۇ كامىرغا كىرىپ، بىر مەخپىي تۆشۈكتىن بىر پارچە خەتنى تاپتىم، بۇ مامىنت دوختۇرنىڭ قولىيازمىسى ئىكەن.

— ئۇنى بىزگە ئوقۇپ بېرىڭ! — دېدى باش سوتچى، كىشىلەر جىم بولدى.

*«مەن ئالېكساندىر مامىنت، 1767 ـ يىلى باستىلىيە تۈرمىسىدە بۇ خاتىرىنى يازدىم. مەن بۇ يەردە 10 يىلدىن بۇيان يېتىۋاتىمەن، مەن يېزىشقا مۇمكىنچىلىك بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەخپىي هالدا بۇ خەتنى يازدىم.*

*1757 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بىر ئاخشىمى، مەن سېينا دەرياسى بويىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن بىر پەيتون يېنىمغا كېلىپ توختىدى، پەيتوندىن ئىككى ئادەم چۈشۈپ، مەندىن ‹ مامىنت دوختۇر سىز بولامسىز؟› دەپ سورىدى. مەن ‹ شۇنداق › دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مەندىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە مېڭىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشىمغا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى.*

*پەيتون پارىژدىن چىقىپ، بىر يالغۇز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، مەن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۆيگە كىرىپ بىر ياش ئايالنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆر-*

دۇم. ئۇ ئايال ناھايىتى ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېغىر كېسەل بولۇپ، توختىماي توۋلاپ يىغ-لايتتى:

— ئېرىم، دادام، ئۇكام!....

— ئۇ سەل جىم تۇرۇۋېلىپ، يەنە توۋلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئېرىم، دادام، ئۇكام....

مەن ئۇ ئايالغا ئازراق تىنچلاندۇرۇش دورىسى بەردىم. ئەمما، ئۇ يەنىلا تەلۋىلەرچە ۋارقىرايتتى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۇ ئىككى ئەردىن ئەھۋالنى سورۇشتۇردۇم، ئۇ-لارنىڭ چىرايىدىن بىر جۈپ ئاكا - ئۇكىلار ئىكەنلىكى، كىيىنىشى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن ئاقسۆڭەك ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇلار مەندىن ئېھتىيات قىلىپ ئىسمىنى دەپ بەرمەيۋاتاتتى.

مەن تېخى گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، ئۇ-لارنىڭ ئاكىسى پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— بۇ يەردە يەنە بىر كېسەل بار، — دېدى - دە، مېنى باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئۇ يەردە ياتقان 17 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ مەي-دىسىدە خەنجەر يارىلاندۇرغان ئىز بار بولۇپ، مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ جېنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى چۈشەندىم.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن.

— ئۇ بىر تەلۋە دېھقان بالىسى، ئۇ بۇ يەرگە كې-
لىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ، قىساس ئالىمەن دەپ جېدەل
قىلىپ، ئۇكامنى ئۆزى بىلەن ئېلىشىشقا مەجبۇر قىلـ-
دى، — دېدى ئاكىسى تاش يۈرەكلىك ۋە قوپاللىق بىلەن.
ئۇ بۇ بالىنىڭ جېنىنى بىر ئات ياكى بىر ئىتچىلىكمۇ
كۆرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئوغۇل بالا ماڭا تىكىلىپلا قالغان بولۇپ:

— ئاپامنى... كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ناھايىتى
كۈچەپ.

— كۆردۈم، — دېدىم مەن.

— بۇ باي ئاقسۆڭەكلەر بىزگە بەكمۇ رەھىمسىز-
لىك قىلدى، دوختۇر. ئۇلار يەرلىرىمىزنى ۋەيران قىلدى،
ئاشلىق ۋە يېمەكلىكلىرىمىزنى تارتىۋالدى، يەنە ئاچامنى
بۇلاپ كەتتى، ئاچام كەنتىمىزدىكى بىر يىگىتنى ياخشى
كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن-
مۇ، يەنە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شۇ يې-
گىتكە تەگكەن. ئاچام بەك چىرايلىق بولغاچقا، بۇ ئاق-
سۆڭەك بەگزادىنىڭ ئۇكىسى ئاچامنى كۆرۈپ قېلىپ،
ئۇنى تارتىۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇلار ئاچامنىڭ ئې-
رىنى دەم ئالغىلى قويماي، مەجبۇرىي ھالدا كېچە -
كۈندۈز ئىشلىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەچكە، ئاچام-
نىڭ ئېرى ئاخىر ياتقان يېرىدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتتى.

ئاندىن ئۇلار ئاچامنى بۇلاپ كەتتى. دادام بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاجىز يۈرىكى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى.

مەن سىڭلىمنى بىخەتەر بىر جايغا ئاپىرىپ قويۇپ، بۇ يەرگە ئاچامنى ئىزدەپ كەلدىم. ئۇلار ماڭا ئازراق پۇل تاشلاپ بېرىپ، مېنى خۇددى بىر ئىتنى سېتىۋالغاندەك سېتىۋالماقچى بولدى، مەن ئۇنى < ئەگەر ساڭا جان لازىم بولسا، مەن بىلەن دۇئېلغا چۈش > دەپ ئېلىشىشقا مەجبۇرلىدىم.

بۇ بالىنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا:

— دوختۇر، مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، بەگزادىلەرنىڭ ئاكىسىغا قاراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ھەي، ئاقسۆڭەك بەگزادە، مەن سېنى، ئۇكاڭنى ۋە ئائىلەڭدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارغايمەن، مەيلى ھازىر ياكى كېلەچەكتە بولسۇن، سەنلەر چوقۇم قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلار ئۈچۈن خۇن تۆلىمەي قالمايسىلەر، ئىلاھىم! — دېدى ھەمدە گېپىنى تۈگىتىپلا يىقىلىپ جان ئۈزدى.

ھېلىقى ياش ئايال يەنە بىرقانچە كۈنلەرگىچە قىنىدى، مەن ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالمىدىم.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ماركىز ماڭا:

— بۇ دېھقان دېگەن نېمىلەرنىڭ جېنى ئەجەب چىڭكەن! — دېدى.

ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئاكا-ئۇكىلار مېنى بۇ ھەقتە «ئاغزىڭنى ئاچما» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار ماڭا پۇل بەردى، ئەمما مەن ئالمىدىم. ئۇلار ئىلاجسىز مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى.

ئىككىنچى كۈنى، مەن پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرىغا خەت يېزىش نىيىتىگە كەلدىم، مەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشى ھەمىشە جازاغا تارتىلمايدىغانلىقىنى، مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن بىرەر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، ئۆزۈمگە بىرەر خەۋپ-خەتەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن. مەن خەت يازغاندىن كېيىن بىر ئايال مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ماركىز ئېفرېموندىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئېرى ۋە قېيىنئىنىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ كىچىك سىڭلىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى ئىكەن، شۇڭا مەندىن ئۇ قىزنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. يامان يېرى شۇكى، مەن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەلمىدىم. ئەمما ياخشى بولغىنى، شۇ مۇنا-

سىۋەت بىلەن مەن ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئىسمىنى بى-
لمىۋالدىم.

ماركىزنىڭ ئايالى ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئايال ئىكەن.
ئۇ ئۆزىنىڭ ماركىزغا تەگكەنلىكىنى بىر بەختسىزلىك
دەپ قارايدىكەن. ئۇ ئۈچ ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئوغلىنى
بىللە ئېلىپ كەپتىكەن.

— ئەگەر ئۇ بىچارە قىزنى تاپالمىسام، مەن ئوغ-
لۇمغا ئۆلۈپ كەتكىنىمدىن كېيىن ئۇ قىزنى داۋاملىق
ئىزدە دەپ تاپىلايمەن، بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بالام
چارلېز ئاڭلىدىڭمۇ؟

— بولىدۇ، ئاڭلىدىم! — دېدى بالا.

شۇ كۈنى مەن يازغان خېتىمنى پادىشاھنىڭ ئە-
مەلدارلىرىغا سېلىۋەتتىم، بىراق، شۇ كۈنى كەچتىلا
بىرسى مېنى ئىزدەپ كەلدى. مېنىڭ خىزمەتكارىم
ئېرنىست دېفارج بىر ناتونۇش كىشىنى باشلاپ كىردى.
كەلگەن كىشى مەندىن ھازىرلا بېرىپ ياندىكى كوچىدى-
كى بىر كېسەلنى كۆرۈپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى.

ئۆيدىن ئەمدىلا چىقىشىمغا، بىرقانچە ئادەم ئېتىد-
لىپ كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئېفرېموند ئاكا ـ
ئۇكىلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىپ كېلىشتى. مار-
كىز يانچۇقىدىن مېنىڭ خېتىمنى چىقىرىپ، ماڭا

*كۆرستىپ قويۇپلا كۆيدۈرۈۋەتتى - دە، بىر ئىغىز گەپ-مۇ قىلماي مېنى تىرىكلەر قەبرىستانلىقى بولغان تۈر-مىگە ئاپىرىپ سولىتىپ قويدى.*

*مەن بۇ تۈرمىدە 10 يىلدىن بېرى يېتىۋاتىمەن، سۆيۈملۈك ئايالىمنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى زادىلا بىلمەيمەن. بۇ ئاكا - ئۇكىلار ماڭا ئائىلىگە دائىر ھېچ-قانداق خەۋەر يەتكۈزۈشمىدى، ئۇلارنىڭ شەپقەتسىز قىل-مىشىدە رەھىمدىللىك دېگەندىن قىلچە ئەسەر يوق ئىكەن. مەن ئالېكساندىر مامېنت ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دەرد - ھەسرەت ئىچىدە خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن.»*

بۇ خەت ئوقۇلۇپ تۈگىشىگە، زالدا گۈلدۈرمامىدەك چۇقان كۆتۈرۈلدى. تەقەززالىق ۋە تىت - تىتلىق ئىچى-دىكى بۇ چۇقانلار ئىچىدە «قانغا قان ئالايلى!» دېگەن سادا ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. بۇ شىكايەت ئەينى ۋا-قىتتا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان قىساس كەيپىياتىنى قوزغاتتى. بۇنداق شىكايەت ئالدىدا، دۆلەتتىكى ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ كاللىسى ھەرگىز ئامان قالمايتتى.

مۇشۇنداق سوت، مۇشۇنداق ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا، دېفارج ئەر - خوتۇنلارنىڭ نېمىشقا بۇ ھۆججەت ۋە ئۆز ۋاقتىدا كوچىلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلغان، باستىلىيە

تۈرمىسىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن باشقا خاتىرە بۇيۇملارنى ئاشكارىلىماي، پەيت كۈتۈپ ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشى ھاجەتسىز ئىدى. بۇ يىرگىنچلىك ئىسىمنىڭ نېمىشقا ئاللىبۇرۇنلا سان ئانتونى رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قالغانلىقى ۋە ھېلىقى جان ئالىدىغان خاتىرىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ كۈنى ئاشۇنداق سورۇندا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە تۆھپىسى بىلەن ئۇنىڭ مۇنداق ئەيىبلەشكە قارشى چىقىشىنى قوللايدىغان ئادەم تېخى تۇغۇلمىغانىدى.

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى ئېنىق تۇرغان بۇ كىشىگە نىسبەتەن بەكمۇ پايدىسىز بولغىنى شۇكى، ئەيىبلىگۈچى مەشھۇر پۇقرا، ئۇنىڭ سىرداش دوستى، خوتۇنىنىڭ دادىسى ئىدى. ئاممىنىڭ تەلۋىلەرچە ئارزۇ قىلىدىغىنى ھېلىقى قەدىمكى زاماندىكى كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغايدىغان ئومۇمىي ئەخلاقنى ئۈلگە قىلىپ، خەلقنىڭ نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىدا قۇربانلىق قىلىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربان قىلىش نىيىتىگە يېتىش ئىدى. شۇڭا، باش سوتچى جۇمھۇرىيەتنىڭ بۇ ياخشى دوختۇرى بىر رەزىل ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىنى يوقىتىپ، جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ ئۆز قىزىنى تۇل، ئۆز نەۋرىسىنى

يېتىم قالدۇرغانلىقى بىلەن چەكسىز شان ـ شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقى ۋە خۇشاللىقتا چۆمىدىغانلىقىدا شەك يوق دېگەندە، پۈتكۈل زال تەلۋىلەرچە خۇشاللىقتا چۆمدى.

— دوختۇر ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە يەنىلا نا-ھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەرمۇ؟ — دېدى دېفارج خانىم گۇلقەلىرى ئېچىلغان ھالدا «قىساس ئىلاھەسى» دەك پىچىرلاپ، — قېنى ئەمدى ئۇنى قۇتقۇزۇپ بېقىڭ، دوختۇر، قېنى قۇتقۇزۇپ بېقىڭا! سوتچىلارنىڭ ھەربىر ئاۋازى كۆچلۈك چۇقانلار بىلەن ئالقىشلاندى. ئاۋاز بې-رىش داۋاملاشماقتا، چۇقان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

سوت ھەيئەتلىرىنىڭ ئاۋاز بېرىشى نەتىجىسىدە، سېپى ئۆزىدىن ئاقسۆڭەك، جۇمھۇرىيەتنىڭ دۈشمىنى، سېسىق نامى پۇر كەتكەن زىياندداش ئەبلەخ سوت تۈر-مىسىگە قايتىدىن سولىتىپ، 24 سائەت ئىچىدە كاللى-سى ئېلىنسۇن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى.

## دېفارج خانىمنىڭ قىساس ئېلىشى

ئۇ گۇناھسىز كىشى مانا مۇشۇنداق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، ئۇنىڭ بىچارە ئايالى بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندا، خۇددى ئەجەللىك بىر زەربىگە ئۇچرىغاندەك يىقىلىپ

چۈشتى. ئەمما، ئۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئۇ-نىڭغا ئېرى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا پۈتۈن دۇنيادا پەقەت ئۆزى يالغۇزلا قالسىمۇ، ئېرىنىڭ ئازابىنى ئې-غىرلاتماي، ئۇنى قوللىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇراتتى، بۇ سادا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، گەرچە ئۇ شۇنداق قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇۋەتتى.

سوتچىلار كوچىدىكى ئاممىۋى نامايىشقا چوقۇم قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا، سوت ۋاقتىنىچە يې-پىلدى. سوتنى ئاڭلاشقا كەلگەن ئاممىا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقان پېتى نۇرغۇن كارىدورلاردىن ئۆتۈپ قىستى-لىپ سىرتقا قاراپ تېز چىقىشماقتا، ئۇلار كېتىۋاتقاندا، لۇسي ئېرىگە قوللىرىنى سوزدى. ئۇنىڭ چىرايىدا سۆيـ-گۈ ۋە تەسەللى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭ يۇزلىرىنى بىر سىلىۋالسام! ئۇنى بىر قۇچاقلىۋالسام! ئېھ، ئاق كۆڭۈل پۇقرالار، ماڭا ھېس-داشلىق قىلىپ، مېنى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە.

بۇ چاغدا بۇ يەردە پەقەت بىرلا قاراۋۇل، تۈنۈگۈن ئاخشام چارلىزنى قولغا ئالغان تۆت ئادەمدىن ئىككىسى ۋە بارسادلا قالغان. قالغانلارنىڭ ھەممىسى قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ كېتىشكەنىدى. بارساد

يېنىدىكىلەرگە تەكلىپ بېرىپ:

— بۇ ئايال ئېرىنى بىر قۇچاقلىۋالسۇن! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لۇسېنى ئولتۇرغان جايىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بىر سۇپىغا چىقاردى. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ ئېرى جاۋابكار ئورنىدىن تۆۋەنگە ئېگىلىپ ئۇنى قۇچاقلىيالايتتى.

— ئەلۋىدا، سۆيۈملۈكۈم! ھالىدىن كەتكەن كىشىلەر مەڭگۈلۈك ئارام ئالىدىغان جايدا كۆرۈشەيلى! — دېدى ئېرى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— مەن بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەيمەن، سۆيۈملۈكۈم چارلىز. تەڭرى مېنى قوللايدۇ. مېنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ! ئايرىلىش ئالدىدا بالىمىزغا بەخت تىلەڭ!

— مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا بەخت تىلەڭ! مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنى سۆيۈپ قويۇڭ، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا خوش دەپ قويۇڭ!

— ياق، سۆيۈملۈكۈم چارلىز، بىردەم توختاپ تۇرۇڭ!

چارلىز دەردكە چىداپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى:

— بىزنىڭ بۇ ئايرىلىشىمىز ئۇزۇنغا بارمايدۇ، بۇ قېتىم ئايرىلساق، مېنىڭ يۈرىكىم پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا

قىلىمەن. مەن بولۇپمۇ قىلالىسام، سىز مەندىن ئايرىلـ-
غاندىن كېيىن خۇددى سىز ماڭا غەمخورلۇق قىلغاندەك،
تەڭرى سىزنى دوستقا ئىگە قىلىدۇ.

مامېنت دوختۇر قىزى بىلەن چارلىېزنىڭ ئالدىدا
تىزلاندى. ئەمما، چارلىز دانىي دوختۇرنى يۆلەپ تۇرغۇ-
زۇۋالدى.

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ، ھازىر بىز سىزنىڭ
نۇرغۇن ئازاب چەككەنلىكىڭىزنى، شۇنداقلا مېنىڭ
كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى بىلگىنىڭىزدە، كۆپ
ئازابلانغانلىقىڭىزنى بىلدۇق. سىز قىزىڭىز لۇسېغا
بولغان مۇھەببىتىڭىز سەۋەبىدىن ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى
بېسىۋاپسىز، مەن سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىزغا چىن
قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئانام مەندىن قىـ-
لىشنى ئۈمىد قىلغان ئىشنى ئورۇنداشقا كۈچۈمنىڭ
بارىچە تىرىشتىم، ئەمما ھېلىقى بىچارە قىزنى زادىلا
تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنداق بىر قورقۇنچلۇق
ۋەقەنىڭ بىر ياخشى ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلىشىشى قانـ-
داقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

دانىي ئايالىغا بۇرۇلدى:

— سۆيۈملۈكۈم، بىز يەنە كۆرۈشىمىز، غەم - ئەنـ-
دىشە بولمىغان جايدا تەڭرى سىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

دانىي ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، لۇسى يەرگە

يىقىلىپ هوشىدىن كەتتى. سىدنىي كاردىن تېزلا ئال-دىغا ئۆتۈپ، لائورىي ئەپەندى ۋە مامېنت دوختۇرغا يار-دەملەشتى. كاردىن لۇسىينى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ پەيتۇنغا سالغاندىن كېيىن، ئۆيگە ئېلىپ كەلدى ۋە لۇسىينىڭ قىزى ۋە پلوس خانقىز كۈتۈپ ئولتۇرغان ئۆيگە كۆتۈ-رۈپ ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— مەن كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويسام بولامدۇ؟ — دېدى سىدنىي كاردىن. ئۇ لۇسىينىڭ مەڭزىگە يېنىككىنە سۆيۈپ بىرقانچە ئېغىز پىچىرلى-دى ـ دە، ئاندىن ياندىكى ئۆيگە كىردى.

— سىز پۇقرالار ئارىسىدا يەنىلا ناهايىتى چوڭقۇر هۆرمەتكە ئىگىسىز، دوختۇر. سىز چوقۇم كۈچىڭىزنىڭ بارىچە سوتچىلار بىلەن يەنە سۆزلىشىپ بېقىشىڭىز كېرەك.

مەن ئۆزۈمنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلىمەن! — دېدى مامېنت دوختۇر، لائورىي ئەپەندى بىلەن كاردىن ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— مەن ئەمدى ئۈمىد كۈتەلمەيمەن، — دېدى لائورىي ئەپەندى قايغۇلۇق هالدا پەس ئاۋاز بىلەن.

— مەنمۇ ئۈمىد كۈتمەيمەن، — دېدى كاردىن، —

بۇگۈن ئۆتۈپ كەتسە، پارىژدا ئېھتىمال ئۇنى قۇتقۇزىدىغان سوتچى چىقماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى، كىشىلەرنىڭ غەزىپى بەك كۈچلۈك. بىرەر خەۋەر بارمۇ ـ يوق، ئۇقۇپ بىردەمدىن كېيىن كېلەي، ئەمما، بىرەر ئۈمىدنىڭ بولۇشى ناتايىن.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ سان ئانتونى تەرەپكە ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى خاتىرجەم بولسىمۇ، لېكىن جىددىي ئىدى، ئەپتىدىن چوڭ ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

بۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار بۇ شەھەردە مەندەكمۇ بىر ئەركەكنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قويۇشسۇن.

شۇ تاپتا دېفارج مەيخانىسىدىكى بىردىنبىر خېرىدار ياك ئۈچىنچى ئىدى، ئۇ بايىلا دانىيغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن سوت يىغىنىغا قاتناشقانىدى. كاردىن ئەمدىلا ئولتۇرۇپ بىر ئىستاكان ھاراق بۇيرۇتقاندا، دېفارج خانىم دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلماي مۇنداقلا قارىغانىدى، ئەمما ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت بىلەن قاراپ قالدى، دېفارج خانىم ياك ئۈچىنچى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ ئادەم ئېفرېموندقا ئەجەب ئوخشايدىكەن! — دېدى.

دېفارج كاردىنغا قارىغاندىن كېيىن.

— راست، بىرئاز ئوخشايدىكەن، — دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئادەم يەنە ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى، كاردىن گېزىت كۆرگەن بولۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى.

— خانىمنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى ياك ئۈچىنچى، — بىز نېمىشقا ئېفرىموند بىلەنلا توختاپ قالدىكەنمىز؟

— بىز بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك، — دېدى دېفارج.

— ئۇلار، يەنى ئۇنىڭ جەمەتىدىكى ھەممە ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىلمىگۈچە توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دېدى خانىم.

— دېگىنىڭىز توغرا، ئەمما ئويلاپ بېقىڭ، دوختۇر قانچىلىك دەرد تارتاتتى، ـ ھە، بەلكىم ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىگە يېتىپ قالغاندۇ!

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى دېفارج خانىم غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ ھېلىقى كىچىك قىز ئىكەنلىكىمنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئېفرىموند ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ شۇنداق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئاچام ئۆلۈپ كەتتى. يەنە ئاچامنىڭ ئېرى، داداممۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئاكام ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. توختىتىشنىڭ گېپىنى

باشقىلارغا دەڭلار، ماڭا ئۇنداق قىلىن دېمەڭلار.

كاردىن ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ مەيخانىدىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل مامېنت دوختۇرنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنى تېخىمۇ كۆپ شۇم خەۋەرلەر كۈتۈپ تۇراتتى. دوختۇرنىڭ تەپەككۇرى يەنە ئىلگىرىكى ئىشلارغا يۆتكىلىپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ پەقەت ئاياغ تىكىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىش ئۈستىلىنىلا ئىزدەيتتى.

— گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭ! — دېدى كاردىن لائورىي ئەپەندىگە، — مەن لۇسى، ئۇنىڭ قىزى ۋە يەنە ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ ھاياتىنىڭ ئىنتايىن چوڭ خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۈگۈن ئاخشام مەن دېفارج خانىمنىڭ ئۇلار ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ئەتە چوقۇم پارىژدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. ئۇلاردا كېرەكلىك گۇۋاھنامە، ئىسپاتلار بار، سىزدىمۇ بار. مانا بۇ مېنىڭ گۇۋاھنامەم، بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ گۇۋاھنامىسى بىلەن بىللە ئوبدان قويۇڭ. سىلەر ئەتە چوقۇم سائەت ئىككىدە پەيتۇن بىلەن چىقىپ كېتىشىڭلار كېرەك. پەيتۇندا ماڭا بىر كىشىلىك ئورۇن قويۇپ قويۇڭلار. مەن كەلگەندە ئاندىن ماڭايلى، سىز چوقۇم مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىشىڭىز كېرەك. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇشۇ ئىشىمىزغىلا

باغلىق.

— سۆزىڭىزگە قوشۇلىمەن! — دېدى لائورىي ئەپەندى.

## ئۆزئارا كىيىم ئالماشتۇرۇش

چارلېز دانىي تۈرمىدە ئۆزى يالغۇز ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويۇغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئولتۇرۇپ ئائىلىگە خەت يازدى:

*«دادىڭىز ماڭا ئېيتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنىڭ تۈرمىدە ئۆتكەن كۈنلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدىم، شۇنداقلا بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەينى چاغدا مەن دادىڭىزغا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي فامىلىسىنىڭ ئېفرېموند ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىم، ئەمما ئۇ مەندىن بۇنى سىزگە ئېيتماسلىقىقا قەسەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تۈرمىدە يازغان ھېلىقى*

*خاتىرىسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس، سىز دادىڭىز ۋە بالىمىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ. بىز كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىر بەختلىك دۇنيادا، يەنى كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان ئاشۇ دۇنيادا قايتا ئۇچرىشىمىز.»*

دانىي شۇ كېچىسى ئۇخلىمىدى، تاڭ سەھەردە ئۇ كامېردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ۋاقىتنى سانىماقتا ئىدى. سائەت توققۇز مەڭگۈگە ئۆتۈپ كەتتى. سائەت 10، 11، 12 لەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى، سائەت بىردە ئۇ ئىشىك ئالدىغا بىرسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، يەنە يېپىلدى ـ دە، سىدنىي كاردىن كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر بارمىقى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ، ئۇنى ئاۋاز چىقارماسلىققا ئاگاھلاندۇر-دى.

— مەن ئايالىڭىزنىڭ يېنىدىن كەلدىم، ئۇ سىزنىڭ پۇتۇنلەي مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېچنېمىنى سورىماڭ، بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. ئۆتۈكىڭىزنى سېلىپ، دەرھال مېنىڭ ئۆتۈكۈمنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋېلىڭ!

— كاردىن، قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى دانىي، — بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن

ئەمەس، ئۇنداق قىلسىڭىز، بۇ يەردە مەن بىلەن بىللە ئۆلۈپ كېتىسىز.

— مەن سىزنى قېچىپ كېتىدۇ دېمەكچى ئەمەس. دەرھال مېنىڭ كۆڭلىكىمنى، پەلتويۇمنى كىيىۋېلىڭ!

كاردىن دانىيغا ئۆزى بىلەن گەپ تالىشىش ياكى گېپىنى رەت قىلىش پۇرسىتى بەرمىدى.

— ئولتۇرۇپ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى يېزىڭ، — دېدى ئۇ، — تېز بولۇڭ دوستۇم، تېز بولۇڭ!

— ئەگەر بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى دېيىشكەن سۆزلىرىمىز ئېسىڭىزدە بولسا، ھازىر بۇنى كۆرسىڭىز دەرھال چۈشىنىسىز، — دېدى كاردىن. دانىي ئۇلارنى يازدى، دانىي بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا، كاردىن يانچۇقىدىن قولىنى چىقاردى.

— قولىڭىزدىكى نېمە؟ — دەپ سورىدى دانىي.

— ھېچنېمە ئەمەس، ھە، بۇنى كۆرسىڭىز دېگەننى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟ ھە، ئەمدى داۋاملىق يېزىڭ! — دېدى كاردىن خاتىرجەملىك بىلەن، — مەن ھازىر بىزنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىمىزنى ئىسپاتلاشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشالمەن. قايغۇرۇشقا ھېچقانداق ئاساس يوق. كاردىن دانىي يېقىن كېلىپ بىر پارچە رەختنى دانىينىڭ بۇرنى ۋە ئاغزىغا يېنىككىنە باستى. بىر مىنۇتتىن كېيىن، دانىي ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلدى. كاردىن دەرھال دانىينىڭ كىيىمىنى كىيىپ،

دانىي ھېلىلا يازغان خەتنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، «ئەمدى كىرىڭ» دەپ چاقىردى پەس ئاۋاز بىلەن.

ھېلىقى جاسۇس بارساد كىردى.

— تېز بولۇڭ! ماڭا ياردەملىشىڭ! — دېدى كار-دىن، —ئۇنى پەيتۇنغا چىقىرىشقا ياردەملىشىڭ!

— سىز؟ — دېدى جاسۇس.

— مەن، بۇرادەر، ئۇنىڭ بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردۇم، سىز «بۇ دەردكە چىداپ تۇرالمىغاچقا، دوستى بىلەن ئادا-جۇدا بوپتۇ» دەپ جاكارلىسىڭىز بولىدۇ. مۇنداق ئىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

— شۇنداق، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، — دېدى بار-ساد، — ئەمما سىز مېنىڭ ھېچقانداق خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىمايدىغانلىقىمغا ۋە پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇ-رۇشقا ۋەدە بەرگەن. سان چوقۇم توغرا بولۇشى كېرەك، بۈگۈن چوقۇم 52 گۇناھكار ئۆلتۈرۈلۈشى شەرت.

— مەن سىزنىڭ خەتەرگە ئۇچرىماسلىقىڭىزغا كا-پالەتلىك قىلالماسمەنمۇ؟ تېز بولۇڭ، بۇرادەر! ئۇنى تېز لائوري ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، پەيتۇنغا سېلىپ بېرىڭ! ئۇلار دەرھال ماڭسۇن!

بارساد كامېرغا ئىككى كىشىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ھېلىقى ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنى كۆتۈرتۈپ ئېلىپ

چىقىپ كەتتى.

— كۆپ ۋاقىت قالمىدى، ئېفرىموند! — دېدى بارساد ئاگاھلاندۇرۇش تەلەپپۇزى بىلەن.

— بۇ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، — دېدى كاردىن — دوستۇمغا ئوبدان قاراڭ، بولۇڭ، مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!

ئىشىك يېپىلدى، كاردىن يالغۇز قالدى، ئۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى. تۈرمىدە ئادەتتىكى ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى، ۋارقىراپ - جارقىرىغان ئاۋازلار يوق، جىددىي سىگنال ئاۋازىمۇ يوق ئىدى. ئۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كامېرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئادەم:

— ئارقامدىن ماڭ، ئېفرىموند! — دېدى. كاردىن ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ، ئەمما قاراڭغۇ بىر ئۆيگە كىردى.

ئۇ ئۆيدە نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى، بەزىلىرى ئولتۇراتتى، بەزىلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، بەزىلىرى ۋارقىراپ يىغلايتتى. كۆپچىلىكى بولسا يەرگە قارىشىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى، شۇ چاغدا بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان، ئورۇق ئىدى.

— ئېفرىموند ئەپەندى، — دېدى ئۇ قىز، — لافورسى

تۇرمىسىدە مەن سىز بىلەن بىللە تۇرغان.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ سىلىق تەلەپپۇز بىلەن،— ئەمما، مەن سىزنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئەيىبلىنىپ تۇرمىگە كىرگىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مەن گۇناھسىز. مەندەك مۇنداق بىچارە، ئاجىز بىر قىزنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟ مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. ئېۋرېموند ئەپەندى، ئەمما مەن ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قىلىۋاتقان چاغدىكى دەردلىك كۈلكىسى كاردىنىنىڭ قەلبىنى تىترەتتى.

— ئۇلار، ئىنقىلاب كەمبەغەللەرنى نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ دەيدۇ، — دېدى قىز، — مېنىڭ ئۆلۈمۈم كەمبەغەللەرگە زادى نېمە مەنپەئەت ئېلىپ كېلەر؟ ئەگەر ئۇلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا، مەن ئۆلۈشكە رازى ئىدىم. ئەمما، ئۇنداق بولۇشىغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. مەن سىزنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، ئېۋرېموند ئەپەندى. مەن شۇ چاغدا بۇنىڭ يالغان بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

— راست قويۇپ بېرىلگەن. ئەمما، يەنە قولغا ئېلىندىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم.

— بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ ماڭغاندا، ئېفرىموند ئەپەندى، مەن سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتۇۋالسام بولارمۇ؟ ـ مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئەمما مېنىڭ جۇغۇم كىچىك ۋە ئاجىز بولغاچقا، قولىڭىزنى تۇتۇۋالسام يۈرەكلىك بولۇپ قالاتتىم، — دېدى قىزچاق ئۇنىڭ چىرايىغا قا- راپ. دەل شۇ چاغدا كاردىن ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدە ئالدى بىلەن توساتتىن گۇمانلىنىش ئالامەتلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئارقىدىنلا ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى سې- زىپ قالدى ـ دە، بارماقلىرىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئۇ قىزنى ئاگاھلاندۇردى.

— سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟ — دېدى قىز پەس ئاۋاز بىلەن. — شۇنداق، يەنە ئۇنىڭ ئايالى ۋە قىزى ئۈچۈن.

— ھە، — سىزنىڭ باتۇرانە قولىڭىزنى تۇتۇپ مې- ڭىشىمغا يول قويالارسىزمۇ، ناتونۇش كىشى؟

## ۋىدالىشىش

شۇ كۈنى چۈشتىن سەل كېيىنرەك، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پارىژدىن چىققان بىر پەيتۇن سېپىل دەرۋازىسىغا

قاراپ كەلدى.

— كىملەر سىلەر، گۇۋاھنامەڭلارنى كۆرسىتىڭ-لار! — قاراۋۇل گۇۋاھنامىنى كۆرۈۋېتىپ سورىدى، — دوختۇر ئالېكساندىر مامېنت قايسىڭلار؟

— مانا بۇ مامېنت دوختۇر. بىر بىچارە بوۋاي خۇددى ساراڭلاردەك بىرنېمىلەرنى دەپ كوتۇلدايتتى.

— ئۇ يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئېلىپ بې-رىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە بەرداشلىق بېرەل-مەپتۇ - دە! — دېدى قاراۋۇل شەپقەتسىزلىك بىلەن قا-قاقلاپ كۈلۈپ، — لۇسى ئۇنىڭ قىزى، ئېفرېموندنىڭ ئا-يالى ئىكەن. لۇسى دېگەن قايسىڭلار؟

— ئۇ مانا، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى قىزى كىچىك لۇسى.

— ھا، ھا! ئېرىڭىز بۈگۈن باشقا بىر يىغىلىشقا بارىدۇ. ئادۋوكات سېدنىي كاردىن، ئەنگلىيىلىك كاردىن قايسىڭلار؟

— ئۇ مانا بۇ يەردە، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى، ئۇنىڭ مى-جەزى يوق!

— جارۋىس لائورىي، بانكىر، ئەنگلىيىلىك لائورىي قايسىڭلار؟

— مانا مەن، پەيتۇندىكى ئاخىرقى كىشى، — دېدى لائورىي.

— گۇۋاھنامەڭلارنى ئېلىڭلار! ماڭساڭلار بولىدۇ!

پەيتۇندىكىلەرنىڭ يۈرىكى خۇددى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقاتتى. قوللىرى تىترەيتتى،

ھېلىقى سېزىمنى يوقاتقان ساياھەتچى ئىغىر نەپەس ئېلىپ ياتاتتى، ئاتلار ئۆچقاندەك چاپقاچقا، پەيتون تونخ-تىماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى، ياخشىسى ئۇلارنىڭ كەينىدە قىيا-چىيا ئاۋازلار يوق ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دېفارخ خانىم دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئېرىم دېفارج ياخشى ئادەم، ئەمما، ئىرادىسى ئاز-چە چىڭ ئەمەس، ئۇ دوختۇرغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، مېنىڭ تەشەببۇسۇم ئېفرىموند ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى-نىڭ كاللىسىنى ئېلىش، ئايالى ۋە بالىسىنىڭمۇ كال-لىسىنى ئېلىش.

— ئۇ ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ كاللىسى مويتۇڭزىدا ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدىغان كاللىلاردىن بولۇپ قالى-دۇ، — دېدى ياك ئۈچىنچى، — ئۇلارنىڭ كاللىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش ئاجايىپ پەيزى بىر ئىش بولىدۇ. توغرا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك.

— ئەمما مەن، ئېرىم ئۇلارغا بىرەر خەۋەر بېرىپ قويارمىكىن، ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى دېفارج خانىم، — شۇڭا، مەن ئۆزۈم بەزى ئىشلارنى قىلماقچى، يەنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئېفرىموندنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كې-يىن، مەن سوت ھەيئىتىگە بېرىپ ھېلىقى ئانا-بالا

ئىككىسى ئۇستىدىن شىكايەت قىلماقچى.

باشقىلار ئۇنىڭ پىكرىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇل-دى:

— ھېچقانداق كىشىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق كېرەك! چوقۇم تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەك.

— لۇسې مامېنت ھازىر ئۆيدە ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى دېفارج خانىم، — مەن ھازىر ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارد-مەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ چوقۇم بەزى ئىنقىلابقا قارشى گەپلەرنى قىلىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۆز بېشىغا ئۆزى بالا تاپىدۇ، بولدى، مەن قولۇمدىكى ئىشىمنى ئاشۇ يەرگە ئالغاچ بېرىپ داۋاملاشتۇراي، مويتۇخزىنىڭ يېنىدىكى ئورنۇمنى ماڭا ساقلاپ قويۇڭلار!

— بەك كېچىكىپ قالماڭ! — دېدى دوستى.

— مەن ئېفرېموندنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنغىنىنى كۆرمەن تېخى، كېچىكىپ قالمايمەن، — دېدى دېفارج خانىم شەپقەتسىزلىك بىلەن.

ئۇ چاغدىكى پارىژدا نۇرغۇن ئاياللار ئاقسۆڭەكلەرگە بەك نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بۇ ئاياللار ئىچىدە ئەڭ سۈرلۈكى دېفارج خانىم بو-لۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغاند-دى. بىر گۇناھسىز ئەر ھازىر دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ

گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ دېفارج خانىم ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى تېخى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ قوينىغا بىر تاپانچا ۋە بىر خەنجەرنى تىقىپ، ئادەتتىكىدەك ئىشەنچلىك قەدەم بىلەن مامېنت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۆيدىكى كىشىلەر تېخى كېتىپ بولمىغانىدى. ئۆيدە پلوس خانقىز ۋە جېررى كرانچېر بار بولۇپ، لا-ئورىي ئەپەندىلەرنىڭ پەيتۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

— كرانچېر ئەپەندى، — دېدى پلوس خانقىز، — سىز بېرىپ بىز چۈشىدىغان پەيتۇننىڭ ئالدىنى توسۇڭ. ئۇ بۇ يەرگە كەلمەي، ئۇدۇل چېركاۋغا بارسۇن. مەن سائەت ئۈچتە سىز بىلەن ئۇچرىشىمەن.

— جېررى دەرھال ماڭدى، بۇ چاغدا سائەت 2 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەن بولۇپ، پلوس خانقىز بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، توساتتىنلا ئۆيدە بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

دېفارج خانىم سوغۇق تەلەتتە ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى:

— ئېفرېموندنىڭ ئايالى قېنى؟

پلوس خانقىز دەرھال لۇسى خانقىزنىڭ خانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى:

— سىز بىر رەھىمسىز، خەتەرلىك ئايال، ئەمما،

مېنى قورقۇتالمايسىز، — دېدى ئۇ ھاسىراپ.

— مەن ئېفرېموندنىڭ ئايالىنى ئىزدەپ كەلدىم، ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى دېفارج خانىم، ئۇ پلوس خانقىزغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، پلوس خانقىزمۇ ئوخشاشلا دېفارج خانىمغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارايتتى.

— مەن جېنىمنى تىكتىم! — دېدى پلوس خانقىز، — مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردە سىزنى قانچىلىك ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرالىسام، سۆيۈملۈك خانقىز، قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈمىدىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەگەر سىز ماڭا قول تەگكۈزىدىغان بولسىڭىز، مەنمۇ قايتۇرما زەربىگە ئۆتىمەن!

دېفارج خانىم ئالدىغا ئۆتۈپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— دوختۇر، ئېفرېموندنىڭ ئايالى، — سۆزۈمگە جاۋاب بېرىڭلار! ئەگەر ئۇلار بۇ ئۆيدە بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئاللىقاچان كېتىپ بولغان بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار چوقۇم تۇتۇپ كېلىنىدۇ، — دېدى دېفارج خانىم ئىشىككە قاراپ مېڭىپ. بىراق، پلوس خانقىز ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. دېفارج خانىم كوچىلاردا ئۇرۇش - جېدەل قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ھەم ناھايىتى قاۋۇل ئىدى، ئەمما، مۇھەببەتنىڭ كۈچى نەپرەتكە قارىغاندا تېخىمۇ زور ئىدى، شۇڭا، پلوس خانقىز قولىنى زادىلا قويۇۋەتمىدى.

دېفارج خانىم خەنجەرنى ئالماقچى بولدى.

— ياق! خەنجەر مېنىڭ قولۇمنىڭ ئاستىدا، ئۇنى ئالالمايسىز! — دېدى پلوس خانقىز.

دېفارج خانىم قولىنى يوپكىسىنىڭ ئاستىغا ئۇزدىتىپ تاپانچىسىنى ئالماقچى بولدى، پلوس خانقىز پەسكە قاراپ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى كۆردى ـ دە، دېفارج خانىمنىڭ قولىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. قاتتىق بىر ئاۋاز چىقىپ، ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. ئۆزى يالغۇز ئۆرە تۇرغان پلوس خانقىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى قورقۇنچ ئىچىدە تىترەپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سېكۇنت ئىچىدىلا يۈز بەردى. ئىس ـ تۈتەك تارقالغاندىن كېيىن، پلوس خانقىز نەپىسى توختىغان دېفارج خانىمنىڭ يەردە سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى.

مەھبۇسلار هارۋىسى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارلارنى ئېلىپ پارىژ كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەر ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بۇ گۇناھكارلارغا دىققەت بىلەن قارىشاتتى. دېفارج خانىمنىڭ دوستلىرى مويتۇڭزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى.

— تېرېسا دېفارج! ئۇنى قايسىڭلار كۆردۈڭلار؟ ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتىغۇ؟

مەھبۇسلار هارۋىسى كېلىپ بولغان، مويتۇڭزا ئىشقا كىرىشكەندى.

— «گاچ» قىلىپ كېسىلگەن بىر كاللا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىلدى. ئۇ يەردە بىر-نەرسە توقۇۋاتقان ئولتۇرغان ئايالالر «بىر!» دەپ ساناشتى.

— ئۆزىنى مەن ئېفرىموند دەپ ئاتىۋالغان كىشى، ھېلىقى كىچىك قىزنى يۆلەپ مەھبۇس ھارۋىسىدىن چۈشتى. ئۇ كىشى ئېھتىيات بىلەن قىزنى مويتۇڭزىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغۇزدى. قىز مىننەتدارلىق بىلەن ئۇ كىشىگە قارىدى.

— سۆيۈملۈك ناتونۇش كىشى، سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا مەن ھازىر مۇشۇنداق خاتىرجەم ھالەتتە تۇرۇۋاتىمەن. ماڭا سىزنى تەڭرى يەتكۈزۈپ بەردى، — دېدى قىز.

— بەلكىم تەڭرى ماڭا سىزنى ئېرىشتۈرگەندۇ، — دېدى كاردىن، — مەن قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇرسام سىز قورقمايسىز، قورقماڭ، بىردەمدىلا تۈگەيدۇ.

قىز ئەرنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى، ئەرمۇ قىزنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى. مويتۇڭزا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. نۆۋەت قىزغا كەلدى، ئاياللار «22» دەپ سانىدى، ئارقىدىن كاردىن سۇپىغا چىقتى، ئاياللار «23» دەپ سانىدى.

كىشىلەر ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنى مۇشۇنداق جايدا كۆرگەن ئەڭ خاتىرجەم چىراي ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشەتتى، سېدنىي كاردىن ئۆلۈمگە قاراپ ماڭغاندا نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ئېھتىمال ئۇ كېلەچەكنى كۆرگەندۇ....

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» — فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى تەسۋىرلەنگەن رومان. بۇ ئەسەر دىككېنسنىڭ زىددىيەتلىك ئىدىيىسىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ چاغدا گەرچە «ئاساسىي نىزامچىلار ھەرىكىتى» ئۆتۈپ كەتكەن، ئەنگلىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ۋاقتىنچە تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلاب پارتلاش ئېھتىماللىقى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت ئىدى، ئىنسانپەرۋەر دىككېنس دەرد ـ ئەلەم تارتىۋاتقان خەلققە ھېسداشلىق قىلاتتى، ئەمما يەنە زوراۋانلىق كۆرەشتىن ساقلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ ئۆمىدىنى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە قاراتقان زۇلۇمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىنى يېنىكلىتىشكە باغلاپ، فرانسىيە ئىنقىلابىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھۆكۈمران سىنىپلارنى ئاگاھلاندۇرغان.

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» ناملىق رومان «تىرىلىش»، «زەر يىپ» ۋە «بوران ـ چاپقۇن ئىزلىرى» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «تىرىلىش» تە روماندىكى باش قەھرىمان لۇسېنىڭ ئۆزىنىڭ ھامىيسى لائورىي

ئەپەندى بىلەن ئەنگلىيىدىن پارىژغا كېلىپ، دادىسى مامېنت دوختۇرنى قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى يېزىلغان. مامېنت دوختۇر گۇناھسىز ھالدا باستىلىيە تۈرمىسىگە 18 يىل قامىلىدۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتكارى، ھازىرقى مەيخانا خوجايىنى دېفارجىنىڭ بالىخانىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلىدۇ. مامېنت 18 يىل تۈرمىدە يېتىپ، قېرىپ چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن، ھاڭۋاقتى، ئەقلىدىن ئاداشقان، يورۇقلۇقتىن قورقىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. لۇسې بىلەن قايتا ئۇچرىشىش مامېنتنىڭ خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، لۇسې دادىسى مامېنتنى ئەنگلىيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن 18 يىل «تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن» بۇ ئادەمنىڭ نورمال تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىدۇ.

«زەر يىپ» تا دانىينىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىپ، ئەنگلىيىگە كەلگەنلىكى يېزىلغان. تىڭتىڭچىلار ئۇنى ئەنگلىيە ئاخباراتىنى فرانسىيىگە ساتتى دەپ ئاخبارات بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. دانىي ئەنگلىيىگە ماڭغاندا، دەل لۇسې بىلەن بىر پاراخوتقا چىقىپ قالىدۇ، لۇسې سوتتا دانىينىڭ گۇناھسىزلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئادۋوكات دانىينىڭ ياردەمچىسى كاردىنىنىڭ

چىرايىنىڭ دانىي بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدى-
غانلىقىنى مىسال قىلىش تېگىتىگچىنىڭ ئادەمنى خاتا
تونۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن دانىي گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قويۇپ
بېرىلىدۇ.

قىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى مامېنت دوختۇرنى
قايتىدىن بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. لۇسېنىڭ گۈزەللىكى
ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى كاردىن بىلەن دانىينى ئۆزىگە
مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. كاردىن لۇسېنىڭ دانىينى ياخشى
كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ لۇسېنى قوغلىشىشتىن ۋاز
كېچىپ، لۇسېنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان
قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما، مامېنت ئائىلىسىدىكىلەر
دەل خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان چاغدا
فرانسىيىدە ئىنقىلاب پارتلاپ، مامېنت ئائىلىسىنىڭ
خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

«بوران - چاپقۇن ئىزلىرى» دا دانىينىڭ قورۇق
غوجىدارىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن فرانسىيىگە قايتىپ
بارغاندا، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئې-
لىنغانلىقى، مامېنت دوختۇرنىڭ قىزى ۋە نەۋرە قى-
زىنى ئېلىپ دانىينى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن
فرانسىيىگە بارغانلىقى يېزىلغان. مامېنت دوختۇرنىڭ
ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ ھېس-
داشلىقىغا ئېرىشىپ، دانىي قويۇپ بېرىلىدۇ، ئەمما،

دېفارج خانىمنىڭ دانىي ئائىلىسى بىلەن چوڭقۇر ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولغاچقا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئېلىپ، دانىينى قايتىدىن قولغا ئالغۇزۇۋېتىدۇ. دېفارج خانىمنىڭ ئەيىبنامىسى دەل مامېنت دوختۇر تۈرمىدە قان بىلەن يېزىپ چىققان ئېفرىموند ئائىلىسىنىڭ جىنايى تارىخى ئىدى. بۇ ئەيىبلەش ئامىمنىڭ ئېفرىموند ئائىلىسىگە بولغان قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، مامېنت دوختۇر كۆيئوغلىنى ئاقلاشقا ئامالسىز قالىدۇ، دانىي ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كاردىن لۇسېنىڭ بەختى ئۈچۈن، بىر ئاماللارنى قىلىپ دانىينىڭ ئورنىغا ئالمىشىۋالىدۇ. دانىي، مامېنت، لۇسى ۋە ئۇلارنىڭ قىزى بىلەن پارىژدىن قېچىپ چىقىدۇ. كاردىن لۇسىغا بەرگەن: «سىز ۋە سىز سۆيگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دانىينىڭ ئورنىدا موىتۇڭزىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر»دە ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرى ۋە خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ماركىز ئېفرىموند ئاكا ـ ئۇكىلار ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ تىپى. ئۇلارنىڭ قورۇقىدا دېھقانلارنىڭ ھايات بىخەتەرلىكى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار دېھقانلارنى، خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىگە ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ،

ئۇلارنى ئات ـ كالا ئورنىدا هارۋا تارتقۇزۇپ، ھېرىپ ـ چارچىتىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيتۇنى يولدا بالىلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئەكسىچە دېھقانلارنى بالىلىرىغا ياخشى قارىمىغان، ئېتىمىزنى ئۈركۈتىۋەتتى دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ سارىيىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ئاكا ـ ئۇكا ماركىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. گەرچە بۇ فىرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار بولسىمۇ، ئەمما، ئاپتورنىڭ بۇنى يېزىشتىكى مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەرگە بولغان دىققىتىنى قوزغاپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇ جەھەتتە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش ئىدى.

مامېنت دوختۇر رومانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تىپىك ۋەكىلى. مامېنت دوختۇر ياش ۋاقتىدا دۇرۇس، ئالىيجاناب يىگىت بولۇپ، ۋىجدانى بىلەن ياشايتتى. ئۇ ئېفرىموند ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دېھقانلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، غەزىپىنى باسالماي ئوردىغا خەت يېزىپ بۇ ئىشنى پاش قىلىدۇ، ئەمما، ماركىز ئېفرىموند ئاكا ـ ئۇكىلار تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ نالە ـ پەرياد قىلىدىغان جاي تاپالمىغان، تۈرمىدىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز قېنى

بىلەن شىكايەتنامە يېزىپ، ماركىز ئېفرېموند ئاكا-ئۇكىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈستىدىن شى-كايەت قىلىدۇ. ئەمما، بۇ چاغدا دوختۇرنىڭ كۆزدە تۇت-قىنى يەنىلا شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتى بى-لەن ئۇ ئەقلىدىن ئادىشىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كې-يىن، قىزىنىڭ چوڭقۇر غەمخورلۇقى بىلەن تەپەككۇرى ئەسلىگە كېلىدۇ، روھىي كەيپىياتى كۆپ ياخشىلىنىدۇ. ئۇ دانىيىنىڭ كىنەز ئېفرېموند جەمەتىنىڭ پۇشتى ئى-كەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ، ئەمما، قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن يەنىلا ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ يېڭى بىر ئېتىقادقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشايدۇ. فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۇ ھەم كۈيئوغلىنى قۇت-قۇزىدۇ، ھەم تۈرمىدىكى بارلىق كىشىلەرگە بىر كۆزدە قاراپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ، ئۇنىڭ بىمارلىرى مەھبۇسلارلا ئەمەس، يەنە گۇندىپايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، ئۇ مېھىر-شەپقەت ۋە ئەپۇ قىلىشنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئاپتور بۇ يەردە ئىدىيىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى دوختۇرنى قوللاۋاتاتتى، ئۇ بۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلىپ، دوختۇر تۈرمىدە يازغان شىكايەتنامىنى دېفارج ئەر-خوتۇنلارنىڭ دانىي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىدىكى

مۇھىم دەلىل ـ ئىسپات قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئەپۇ قىلىش ۋە مېھىر ـ شەپقەتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەن-دۇرىدۇ.

روماندا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىككى ئىنقىلابچى ئوب-رازى — دېفارج ئەر ـ خوتۇنلار ئوبرازى يارىتىلغان. دې-فارج ئەسلىدە مامېنت دوختۇرنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ، كېيىن سان ئانتونى رايونىدا مەيخانا ئاچقانىدى. مەيخا-نىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەردە ئالاقە باغ-لاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئاممىنى تەشكىل-لەش ۋە تەربىيىلەشكە ماھىر ئىدى. ئۇ ئاممىنى بال-خانىغا چىقىپ، تۈرمىدىن چىققان مامېنت دوختۇرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي كەيپىياتىنى قوزغايدۇ، ئۇ ئاممىنى يېتەكلەپ، باستىلىيە تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ئىنتايىن قەتئىي بو-لۇپ، ھەرگىز شەخسىي ھېسسىياتى ئۈچۈن ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇ ئاڭلىق ئادەم بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئاقسۆ-ڭەككە تەگكەن لۇسې ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە قوشۇلمايدۇ.

دېفارج خانىمنىڭ ئاكىسى ۋە سىڭلىسىنى ماركىز ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ چوڭقۇر سىنىپىي ئۆچمەنلىك

بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان، توقۇش ئۇسۇلى بىلەن ئاق-سۆڭەكلەرنىڭ ھەربىر جىنايىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانىدى. ئۇ زېرەك، ھوشيار بولۇپ، تىڭتىڭچىلار مەيخانىغا كىرگەندە بىر قاراپلا تونۇۋېلىپ، مەيخانىغا كىرگەن ئىنقىلابچىلارنى يوشۇرۇن بەلگە بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئاياللارنى باشلاپ، باستىلىيە تۈرمىسىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتنىشىدۇ. ئاپتور بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ شەپقەتسىز ئۆچ ئېلىشى زور دەرىجىدە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازدىن ۋاز كەچكەن دانىينى ئۆلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋېلىپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن قىزىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، ھەتتا باستىلىيە تۈرمىسىدە ياتقان مانېتت دوختۇرنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاپتورنىڭ بۇ پېرسوناژغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە تەسۋىرلىرىدە ئەسەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا پەرقلەر بار، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى چىقىش نۇقتىسى بىردەك. ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى قەتئىي، تاش يۈرەك، شەپقەتسىز قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» — تارىخىي رومان، ئەمما ئۇنىڭدا بىر تەرەپ قىلىنغانلىرى ئەمەلىي مەسىلىلەر.

دىككېنس ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى، باي - كەمبەغەللىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭ- لۇقى، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئومۇمیۈزلۈك ھالدا نارازىلىق ۋە غەزەپ - نەپرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، شۇنداقلا بۇ چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالىنىڭ چوڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى فرانسىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشى- شىپ كېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ ئەنگلىيىدە فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىغا ئوخشاش ئىنقى- لابنىڭ پارتلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇڭا، فران- سىيىنىڭ چوڭ ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، «ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» ناملىق بۇ رومانىنى يېزىپ چىقىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا سىگ- نال بەرگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشنى تەلەپ قىلغان. روماندا فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ پارتلى- شىدىكى سەۋەبلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ ئادالەتلىكلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئاپتور فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ئاقسۆ- ڭەكلەر سىنىپىنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكى، شەپقەتسىز- لىكى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقىنىڭ نەتىجىسى، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى غەزەپ - نەپرىتى- نىڭ بىراقلا پارتلىشى دەپ قارىغان. ئۇ يەنە روماندا

ماركىز ئېفرېموند ۋە «شاكىلات خوجا» لارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشى، ھەشەمەتچىلىك ـ ئىسراپخورلۇقلىرى، شەپقەتسىز زوراۋانلىقلىرى، مامېنت دوختۇر ۋە دېفارج خانىم ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، بالا ـ قازالار ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. «شاكىلات خوجا» ئوردىدىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار، ئۇنىڭ سارىيىدا كېچىسى چىراغلار چاقناپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇقلار كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تاڭ قالدۇرىدۇ، «شاكىلات خوجا» نىڭ شاكىلات سېلىنغان بىر ئىستاكان چاينى ئىچىش ئۈچۈن تۆت قاۋۇل چاكار خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ئاپتور مۇشۇلار ئارقىلىق فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنىڭ مۇقەررەر ۋە ھەققانىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ.

ئاپتور گەرچە فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە ئادالەتلىكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئىنقىلابىي زوراۋانلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەتكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت قورقۇنچلۇق، ھەرىكەتكە قاتناشقان ئامما غالجىرلاشقان، تەلۋە، قارام، ئەقلىنى يوقاتقان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. روماندا ئۇ كۆپ تەسۋىرلەر

ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن. مە-
سىلەن، ئامما «كارمانول» ئۇسسۇلى ئوينىغان كۆرۈنۈش،
سوت مەيدانىدىكى كۆرۈنۈش قاتارلىقلار. سوتتا ئامما
ھەربىر ھۆكۈمگە تەلۋىلەرچە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلار
جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغانلارنىڭ تېنىدىن
بىر پارچە گۆشنى كېسىۋالمىغىنىغا ئۆكۈنىدۇ. گۇ-
ناھسىز دەپ ئېلان قىلىنغانلارغىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق
ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، ئەمما سوتلانغۇچىلارنىڭ زادى گۇ-
ناھىنىڭ بار-يوقلۇقى بىلەن كارى بولمايدۇ. مۇنداق
بىر ھالەتتە ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقتىن قانداقمۇ سۆز
ئاچقىلى بولسۇن! ئاپتور، زوراۋانلىق جەمئىيەتنى ئۆز-
گەرتەلمەيدۇ، ئەكسىچە گۇناھسىز كىشىلەرگە زىيان
يەتكۈزىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەسەردە يالغۇز دانىي، لۇسي،
كاردىن قاتارلىق گۇناھسىز كىشىلەر ئىنقىلابىي زورا-
ۋانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپلا قالماي، ھەتتا ئىن-
قىلابنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىغان باشپاناھسىز
يېتىم ئايال ئىشچىنىڭمۇ كاللىسى ئېلىنىدۇ. دەل شۇ
سەۋەبتىن، ئاپتور ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىنقىلاب رەھبەرلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممى-
سىنى ئەزگۈچىلەر، دەيدۇ.

ئاپتور ھەم ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە ئادالەت-
لىكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ھەم ئاممىۋى ھەرىكەت
ۋە ئىنقىلابىي زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ

بىر ـ بىرىگە زىت، چۈنكى، يەر ـ زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان ئۆزگىرىشنى پەقەت ئامىمىنىڭ زو- راۋانلىق ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئا- شۇرغىلى بولىدۇ. دىككېنس شەخسنىڭ ئەخلاق جەھەت- تىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئەخلاق بىلەن تەسىرلەندۈرۈشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، كۆپچىلىكنىڭ ئەخ- لاقى سەۋىيىسى ئۆسسە، ھەممە كىشى رەھىمدىل، ئەپۇ- چان بولسا، جەمئىيەت ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەخلاق غايىلىرىنى زېرىكمەستىن تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ما- مېنت، دانىي، كاردىن، لۇسې قاتارلىق بىر قاتار ئالىي- جاناب پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنى كىشى- لەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئەخ- لاق يالغۇز رومانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىكى ئاساسىي تەرەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە رومانىدىكى پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش، ئۇلارغا باھا بېرىشتىكى چىقىش نۇقتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

رومان بەدىئىيلىك جەھەتتە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. روماندا تىپىك كۆپ قاتلام بىر گەۋدە قى- لىنغان قۇرۇلما قوللىنىلغان بولۇپ، قۇرۇلمىسى پۇخ- تا، تەرتىپلىك. رومان بەش بايان بۆلىكى، يەنى مامېنت ئائىلىسىنىڭ ھېكايىسى، دېفارج ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ھېكايىسى، ئېفرېموند جەمەتىنىڭ ھېكايىسى، كاردىنىنىڭ

تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ پىداكارلىقى، كىرانچېرنىڭ سەرگۈ-
زەشتلىرىدىن تەشكىل تاپقان. بەش بۆلەك گەرچە بىر -
بىرىگە زىچ باغلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر - بىرىگە
بېقىنمايدۇ، ئەكسىچە مۇستەقىل، پاراللېل هالدا راۋاج-
لىنىدۇ، مەسىلەن، كىرانچېر يېزىلغان بۆلەك بەش بۆلەك
ئىچىدە ئانچە مۇهىم ئورۇن تۇتمىغان. ئەمما، ئۇ ئوخ-
شاشلا مۇقىم بىر پېرسوناژ، ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى
كۈچلۈك، ئايالى ۋە ھەممىگە قىزىقىدىغان ئوغلى بار. بۇ
بىر مۇكەممەل ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىشى، راۋا-
جى، كوللىمىناتسىيە نۇقتىسى ۋە خاتىمە قىسىملىرى
بار، يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ
بىر يان تەرەپتىن ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە خەلقىنىڭ
تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، دىككېنسىنىڭ
ئەخلاق بىلەن تەسىرلەندۈرۈش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.
دېمەك، ئۇ روماندا نىسبىي مۇكەممەل، مۇستەقىل بىر
بۆلەكنى تەشكىل قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بەش بۆ-
لەك يەنە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر ئايرىم -
ئايرىم هالدا مۇستەقىل، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە
ئۆزئارا باغلانغان، گىرەلىشىپ كەتكەن، بىر - بىرىگە
سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. قۇرۇلما نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇن-
داق بىر پۈتۈنلۈك ئاساسلىقى پېرسوناژ، سۈژىت ۋە ۋە-
قەلىك يىپ ئۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب
تاپقان. مەسىلەن، سۈژىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئىككى

شەھەردىكى ھېكايىلەر» دىكى بايان بۆلەكلىرى ھەرقاي-
سىسى ئۆز ئالدىغا ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە. ئەمما،
ئۇلارنى بىرلەشتۇرگەندە، ئۇلار يەنە بىر ـ بىرىگە باغلان-
غان. ماركىز ئېفرېموند ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ شۇملۇقلىرى
مامېنت ئائىلىسىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى
پەيدا قىلغان. دېفارج ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۇلارنىڭ جەمەتىگە
بولغان قىساسكارلىقىنى قوزغىغان. شۇنداقلا، بۇ يەنە
ئۆز نۆۋىتىدە دېفارج ئەر ـ خوتۇنلار بىلەن مامېنت ئائى-
لىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلغان ھەمدە كار-
دىن، كرانچېر قاتارلىقلارنىمۇ بۇ زىددىيەت ئىچىگە
سۆرەپ كىرگەن. مەسىلەن، كاردىن، لۇسېنىڭ بەختى
ئۈچۈن ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈش ئۇسۇلى
بىلەن دانىينىڭ قېچىپ كېتىشىگە ئىمكانىيەت يارد-
ىتىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن، ۋەقەلىك راۋاجى يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» رومانىدا دىك-
كېنسنىڭ ھېسسىي دۇنيانى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت
بېرىشتەك رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى گەۋدىلەندۇ-
رۇلگەن. دىككېنس فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنى ئەينەن
ئەكس ئەتتۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىپتىدائىي ماتېرد-
ىياللارنى كۆرۈپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن، چوڭ ئىنقىلاب
توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر شۇنداق چىن، كونكرېت بول-
غان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەش

ئۇچۇن، تۇرمۇش چىنلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتى-
ۋەتكەن. بۇنىڭغا ماركىز ئېفرىموند ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ
دېھقان خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىشى، دېھ-
قانلارنى پاجىئەلىك هالدا ئۆلتۈرۈشى، تۇرمىدىكى ۋەقە-
لەر تەسۋىرى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ ئېلىش مۇم-
كىن. ئوبزورچىلار، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى پارتلاش
هارپىسىدىكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى 16 ـ ئەسىردىمۇ
فرانسۇز ئاقسۆڭەكلەر ئاشۇنداق شۇملۇقلارنى قىلىپ يەنە
جازاغا تارتىلمايدىغان ئېھتىماللىق ئىنتايىن ئاز دەپ
كۆرسەتكەن، بۇ قاراش توغرا. ئەگەر دىككېنس ئەنە
شۇنداق يازمىغان بولسا، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ جى-
نايەتلىرىنى پاش قىلىش، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ
پارتلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۇرمۇشنىڭ
ئەسلىي قىياپىتىنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا
ئۇيغۇن هالدا ئۆزگەرتكەن ۋە بۇنداق ئۆزگەرتىش مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك بولغان. دىككېنس رومانغا ئۆزىنىڭ كۈچ-
لۈك هېسسىياتىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ ماختاش، چۆكۈرۈش
ئىپادىلەنگەن تەسۋىرلەر، مۇهاكىمىلەر، لىرىكىلار بىلەن
ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى، هېسسىياتىنى قالدۇرماي تولۇق
بايان قىلغان. مەسىلەن، دېفارج خانىم ئوبرازىنى يارات-
قاندا، ئۇنىڭ باشتىكى پوزىتسىيىسى ئاخىردىكى پوزىت-
سىيىسىگە ئوخشىمايدۇ. كاردىنىنىڭ ئۆزىنى پىدا قىلىشى

يېزىلغان قىسمىدا «ئىنجىل. يوھان» دىكى: «ئىسگەم ئېيتتى: تىرىلىش مەندىن، ھاياتلىق مەندىن، ئىشەنگەنلەر ماڭا، ئۆلسىمۇ تىرىلىدۇ قايتىدىن. ماڭا ئىشىنىپ ياشىغانلار، ئۆلمەيدۇ ھەرگىز قايتىدىن.» دېگەن شېئىرنى قايتا - قايتا نەقىل كەلتۈرۈپ، كاردىن ئۆلسىمۇ، روھىنىڭ مەڭگۈ ياشايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئوقۇرمەنلەر بۇ روماننى ئوقۇغاندا، تەسۋىرلەرنىڭ چىنلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماي، يەنە قەلبىدە كۈچلۈك بىر ھاياجان قوزغىلىدۇ.

روماندا تۈگۈن قالدۇرۇش ۋە سىمۋول قىلىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللىنىلغان. روماندا مامېنت بىلەن ئېفرىموند جەمەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مامېنتنىڭ تۈرمىدە يازغان شىكايىتىگە ئوخشاش كۆپلىگەن چوڭ يېشىلمىگەن تۈگۈنلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە كرانچېرنىڭ قەبرە ئوغرىلىشىغا ئوخشاش بىرقانچە كىچىك تۈگۈنلەرمۇ بار. روماننىڭ بېشىدىلا كىچىك كرانچېر ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن تۆمۈر قورالLARنى قولىغا ئېلىپ باقمايدىغان دادىسى چاينىغان ئوت يىلتىزىدا تۆمۈر دېتى پۇرىقى بارلىقىنى بايقايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈگۈن پەيدا بولىدۇ، ئارقىدىن كىچىك كرانچېر دادىسىنىڭ كېچىسى قەبرە كولاپ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقى، ئوت يىلتىزىدىكى تۆمۈر دېتىنىڭ دادىسى قەبرە كولىغاندا ئىشلەتكەن گۈرجەكتىن

قىپقالغانلىقى يېزىلغاندىن كېيىن بۇ تۈگۈن يېشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كرانچېر قەبرە كولاپ ئوغرىلىق قىلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، يەنە بىر تۈگۈن پەيدا بولىدۇ. بۇ تۈگۈن پەقەت كېيىنچە كاردىن تىگىتمگچى بارسادقا ئۆزىنىڭ تېگىنى ئاشكارىلىغاندا ۋە كرانچېر-كىرىنىڭ يالغاندىن ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسىنى ئاشكارىلى-ۋەتكەندە ئاندىن يېشىلىدۇ. ئەسلىدە مېيىت ساندۇقىدا جەسەت يوق، پەقەت قۇم ۋە تاشلا بار ئىدى. روماندا ئا-ساسىي تۈگۈنلەرنىڭ پەيدىنپەي يېشىلىشى بىلەن، ئىل-گىرىكى ئىشلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، سۇژېت قەدەممۇقەدەم راۋاجلىنىدۇ. مامېنت دوختۇرنىڭ باستىلىيە تۈرمىسىگە تاشلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ جەريانى تولۇق ئاشكارىلانغاندا، ۋەقەلىكتە جىددىي بۇرۇ-لۇش بولۇپ، ئاخىردا كاردىنىنىڭ مەردانىلەرچە ئۆزىنى قۇربان قىلىشى بىلەن ئەسەر ئاخىرلىشىدۇ. روماندا ئاپتور ھەممىشە سىمۋوللۇق ئۇسۇللار بىلەن مەلۇم بې-شارەت ياكى كۆرۈنۈشلەرگە ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىدۇ. روماننىڭ بەشىنچى ئايدا سان ئانتونى رايونىنىڭ تار كوچىسىدا ئېقىۋاتقان ھاراق توغرىسىدىكى تەسۋىرى ناھايىتى مەشھۇر. قىزىل ئۈزۈم ھارىقى كوچىنى قىپقىزىل بويىۋېتىدۇ، ھاراق ئىچىشكە كەلگەن كىشىلەرنىڭ قوللىرى، يۈزلىرى، پۇتلىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە ئاياغلىرىمۇ قىپقىزىل

مىقىنى پاتۇرۇپ، تامغا چوڭ قىلىپ < قان > دېگەن سۆزنى يازىدۇ.» بۇ يەردىكى سىمۋوللۇق مەنە ناھايىتى ئېنىق، قىپقىزىل ھاراق قىپقىزىل قانغا سىمۋول قىلىنغان ۋە بۇ ئارقىلىق فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ تېزلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن، بوران ـ چاپقۇنلۇق ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

روماندا يەنە باستىلىيە تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىش، سوت ئېچىش قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردە، تەرتىپلىك بايان، قىستۇرما بايان، تەتۈر بايان قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ جانلىق قوللىنىلىشى ئاجايىپ ياخشى چىققان.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەنگلىيىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدا ئاساسەن ئاياغلاشتى. 1832 ـ يىلى ئەنگلىيىدە پارلامېنت ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، بۇ، ئەنگلىيىدە كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيىدە سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز دۆلىتى-

دىكى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئاساسىغا دەس-سىتىلگەن بولغاچقا، ئۆتكۈر زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەي-دىنپەي بىرلىشىپ، ئەڭ دەسلەپكى ئىستىخىيىلىك ھالدىكى ماشىنىلارنى بۇزۇپ تاشلاشتىن تەشكىللىك ھالدىكى سىياسىي كۈرەشكە ئۆتكەنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدىكى «ئاساسىي نىزامچىلار» ھەرى-كىتى پۈتكۈل ئەنگلىيىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى.

جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى-نىڭ جىددىي تۈردە ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي قارىشى ۋە مەدەنىيەت قىممەت قارىشىدا چوڭقۇر ئۆز-گىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى ماددىي مەنپەئەت قارىشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، پۇل ئا-دەملەرنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق ھەم بىردىنبىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم بىلەن ئادەملەر ئارى-سىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. كى-شىلەر فېئوداللىق ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، بەلگىلىك دە-رىجىدىكى جىسمانىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كې-يىن، يەنە ماددىي بايلىق ئالدىدا روھىي، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى جەھەتتىكى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم

بولدى. ماددىي بايلىق يارىتىشقا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن پۈتۈنلەي ۋە ماددىي بايلىققا باغلىنىپ قالغان بىر ھاياتلىق مۇھىتىدا، كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشى يېڭى شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ يامانلاشتى.

ئەمگەكچى خەلق دۇچ كېلىۋاتقان نامراتچىلىق، ئاچارچىلىق، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى مۇقەررەر يوسۇندا يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. بىر قىسىم يازغۇچىلار مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، رېئال جەمئىيەتنى دېموكراتىك، ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ، رېئال جەمئىيەت ۋە كىشىلەر تەقدىرى ئۈستىدە سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاندى، كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تېخىمۇ رېئال نۇقتىدىن ئىزدەندى. شۇنىڭ بىلەن، رېئال جەمئىيەتنى ئەمەلىي، ئوبيېكتىپ، سوغۇق قانلىق بىلەن تەھلىل قىلىش، ئوپېراتسىيە قىلىش پىسخىكىسى ۋە كەيپىياتى پەيدا بولدى. بۇنداق پىسخىكا ۋە كەيپىياتلار يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە جەمئىيەتنى ئىنچىكە، ھەقىقىي ھالدا تەسۋىرلەش، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلىش، كاپىتالىزم جەمئىيىتى شارائىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل روھىي ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ

بېرىش، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇ پەۋقۇللاددە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك روھىي ھالىتىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، رېئالىزملىق ۋە تەنقىد خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان رېئا-لىزملىق ئەدەبىيات ئىدىيىسى مەيدانغا كەلدى.

19 ـ ئەسىردە تەبىئىي پەنلەر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، بۇلار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ھۈجەيرە تەلىماتى، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش تەلىماتى ۋە تەدرى-جىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇ-ۋەپپەقىيەت ئىدى. تەبىئىي پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىنساند-يەتنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىشەنچىسىنى كۈ-چەيتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلى-رىنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تېپىشىغا ئىلھام بەردى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى. يازغۇچىلارمۇ تەتقىقاتچىلار قىياپىتىدە، ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادى-يەت ئېلىپ باردى. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. بۇ دەۋردە ياشىغان

دىككېنس باشلامچىلىق بىلەن رېئالىستىك پوزىتسى-يىدە تۇرۇپ جەمئىيەتنى كۆزىتىپ ۋە ئەكس ئەتتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

## پېرسوناژلانى تونۇشتۇرۇش

مامېنت دوختۇر: روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژ، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تىپى، ياش ۋاقتىدا ۋىجدانى بىلەن ياشىغان، ماركىز ئېفرىموندىنىڭ دېھقانلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئوردىغا پاش قىلىش خېتى يازغان، ئەمما، ئەكسىچە تۈرمىگە تاشلانغان ۋە ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە يېتىۋەرگەچكە، ئەقلىدىن ئاداش-قان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قىزىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن روھىي ھالىتى ياخشىلىنىپ، خاتىرىسى ئەسلىگە كەلگەن، ئېتىقادى كۈچەيگەن، مې-ھىر ـ شەپقەت ۋە ئەپۇ قىلىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

كاردىن: روماندىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ. ئۇ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق، ئەمما خۇشامەتچىلىك قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان «چېچەنلىك» كەم، شۇ سەۋەبتىن، باشقىلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۆزى

بۇنىڭدىن خەۋەرسىز يۈرىدۇ. ئۇ بۇ جەمئىيەتتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئەمما، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، جاھاندىن بىزار بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە كۆچلۈك ھالدىكى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش روھى بولۇپ، لۇسېنىڭ بەختى ئۈچۈن دانىيېنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ.

ماركىز ئېفرىموند: ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تىپى. ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنى خۇددى قۇرت ــ قوڭغۇز قاتارىدا كۆرىدۇ. ھەمىشە دېھقانلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرىدۇ. قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ، ئاخىر ئىنقىلاب پارتىيىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

دېفارج خانىم: ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ۋەكىلى. ئاپتور ئۇنى قەيسەر، كەسكىن، شەپقەتسىز خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ماركىز ئېفرىموندنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. ئۇ زېرەك، ئەقىللىق، ئۇ ئاياللارنى يېتەكلەپ، تور توقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ماڭىدۇ. ئىنقىلاب پارتىلىغاندا، ئۇ باستىلىيە تۈرمىسىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ، ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنقىلاب قىلىش روھىغا ئىگە. ئاپتور ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش پو-

زىتسىيىسىنى تۇتقان، ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىش ۋاسىتىسى بەك رەھىمسىز بولۇپ، ئاخىر پلوس خانقىز بىلەن بولغان پومىداقلىشىپ ئېلىشىشتا ئۆزىنىڭ تاپانچىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئوق بىلەن ئۆلىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

بۇ رومانىنى ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، دىككېنس رومان ئىجادىيىتىدە كۆپىنچە ھاللاردا دۇنيانى ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن. «ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» ناملىق بۇ رومانمۇ تىلغا ئېلىنغان تۇرلۇك مەسىلىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ شەپقەتسىز ۋاسىتىلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن خەلق ئاممىسىنىڭ زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنى باستۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرغان. كىتابتا، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ماركىز ئاكا ـ ئۇكىلا-

رنى ئۆلتۈرگەنلىكى، باستىلىيە تۈرمىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغانلىقى، تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى يېزىلغان. ئاپتور خەلق ئاممىسىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، دېفارج خانىمدىن ئىبارەت بۇ ئەقىللىق، باتۇر، كەسكىن، تەسىرلىك ئوبرازنى ياراتقان، بۇ، دىككېنسنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەشتەك پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمما، ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئاقسۆڭەكلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرغاندا، دىككېنس بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولىدۇ. ئۇ بۇنى نوقۇل ھالدىكى ئۆچ ئېلىش، بۇنداق قىلغاندا بەك كۆپ قان تۆكۈلىدۇ، بەك شەپقەتسىزلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ ھەمدە ئەسلىدە ئۆزى مەدھىيىلىگەن دېفارج خانىمنى ئادەم ئۆلتۈرگەندە كۆزنى چىمچىقلىتىپمۇ قويمايدىغان جاللات قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ياش ئاقسۆڭەك دانىينىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىپ، پۇقرا قىزى لۇسىي بىلەن توي قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ رومانىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ چىڭلىقى، كۆپ قاتلام بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ كۈچلۈك رېئاللىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كې-

رەك. «ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» نىڭ قۇرۇلمىسى چىڭ، ئۈچ ئاساسىي ۋەقەلىك ئورگانىك ھالدا بىرلەش- تۈرۈلگەن (مامېنت دوختۇرنىڭ ئۇۋاللىقا ئۇچراپ تۈر- مىدە يېتىشى، دانىينىڭ ئاقسۆڭەكلىك ئىمتىيازىدىن ۋاز كېچىپ، لۇسى بىلەن مۇھەببەت باغلىشى دېفارج ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى)، ھەرقايسى ۋەقەلىكلەر ناھايىتى روشەن، ئېنىق. بۇ ۋەقەلىكلەر ھەرقايسىسى مۇستەقىل، يەنە بىر ـ بىرىگە باغلانغان، بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارد- تىش، سۈژىتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار ئوخشاشلا بىر ئاساسىي تېما ـ ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. «ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» رومانى گەرچە تارىخىي رومان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ئەنگلىيىدىكى رېئال مەسىلىلەر- دۇر. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيىدە سى- نىپىي زىددىيەت، ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆت- كۈرلىشىپ كەتكەن، باي ـ كەمبەغەللىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ ئىدى. ئاپتور ئەنگلىيىدىمۇ فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىغا ئوخشاش ئاممىۋى ئىنقىلابنىڭ پارتلاپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان. شۇڭا، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، بۇ رومانىنى يېزىش ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا سىگنال بەرگەن ھەمدە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرد-

شىنى، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، سىنىپىي زىددىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇنداق بولمىسا، ئەنگلىيىنىڭمۇ فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى يولىغا مېڭىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچى، «ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» رومانىدا تۈگۈن قالدۇرۇش ۋە سىمۋول قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. روماندا كۆپلىگەن تۈگۈنلەر بار. مەسىلەن، مانېت دوختۇر بىلەن ئېفرىموند جەمەتىنىڭ مۇناسىۋىتى، مانېتنىڭ تۈرمىدە يازغان شىكايىتى، كىچىك كىرانچېرنىڭ دادىسى چاپىنىغان ئوت يىلتىزىدا تۆمۈر دېتى پۇرىقىنىڭ بارلىقىنى بايقىغانلىقى، كرانچېرنىڭ قەبرە كولاپ ئوغرىلىق قىلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى... ۋە ھاكازالار. بۇ تۈگۈنلەر پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ۋەقەلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتور روماندا سىمۋول قىلىش ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، كەيپىياتنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن، 5 ـ بابتا سان ئانتونى كوچىسىدا ئېقىۋاتقان ئۈزۈم ھارىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە مەيدانغا كېلىدىغان شەپقەتسىز ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىن بېشارەت بەرگەن.

«ئىككى شەھەردىكى ھېكايىلەر» دە كارامەت ئوبدان يېزىلغان بابلار بار. ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكى بايانلارنى نوقتىلىق ھالدا ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز: بىرىنچى قىسىم (تىرىلىش)، 5 ـ باب (مەيخانا)، 6 ـ باب (موزدۇز). ئىككىنچى قىسىم (زەر يىپ) 15 ـ باب (تور توقۇش)، 16 ـ باب (يەنە تور توقۇش)، ئۈچىنچى قىسىم (بوران ـ چاپقۇن)، 15 ـ باب (ئىزى ئۆچۈش).

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MjUuemlw",
"filename_decoded": "40326525.zip",
"filesize": 10784155,
"md5": "ef73a5483d1c895bd72542c6e641d456",
"header_md5": "48b3368e610b9ad1a06bbf5f87c88f00",
"sha1": "3e837f1747cf8a305ce14c0ae8d85e03d534bb43",
"sha256": "da303e036895c42e6de28dc9f0e5dd714c23f067edfc22762f71ff6e2ec06b1c",
"crc32": 2811032304,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11084908,
"pdg_dir_name": "\u2566\u00bd\u2502\u255f\u255d\u255f \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326525",
"pdg_main_pages_found": 216,
"pdg_main_pages_max": 216,
"total_pages": 225,
"total_pixels": 639722112,
"pdf_generation_missing_pages": false
}